# ئەقىدە جەۋھەرلىرى

داموللا سابىت بىن ئابدۇلباقى

# مۇندەرىجە


تەۋھىد ھەققىدە چۈشەنچە .................... 1

1. بۆلۈم ئەقىدە جەۋھەرلىرى ............... .... 1

2. بۆلۈم سۈننەت (ئىسلامنىڭ ئەقىدە يولى) بايانى..... 47

3. بۆلۈم دىننىڭ تۇتقۇلۇق مەسىلىلىرى ..............86

# 1- بۆلۈم

# ئەقىدە جەۋھەرلىرى

إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ

**هەقىقەتەن اللە نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن**

**ئىسلام (دىنى)دۇر.**

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ**

**ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***1. سوئال: اللە تعالى ئىنسانلارغا بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىدىن چوڭ ۋە مۇھىمراقى نېمە؟***

جاۋاب: تەۋھىددۇر (يالغۇز اللە تعالى غا باش ئېگىش، بويسۇنۇشتۇر)

اللە تعالى نىڭ زاتىدا تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق، سۈپەتتە، خۇسۇسىيەتتە ئوخشىشى يوق، قىلىدىغان ئىشلىرىدىمۇ ئوخشىشى يوق (اللە تعالى قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرەرسىنىمۇ قىلالايدىغان كىشى يوق) دەپ

دىل بىلەن ئىشىنىپ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ، قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە، ئىبادەتتە (قول بولۇپ ئىتائەت قىلىشتا) الله تعالى غا بىر كىمنى ياكى بىر نەرسىنى شېرىكلەشتۇرمەي (ئىشلىرىمىزدە، گەپ- سۆزىمىزدە پەقەت الله تعالى غىلا ئىتائەت قىلىش) بارلىق ئىتائەتنى يالغۇز الله قا قىلىش، يالغۇز الله دىن قورقۇش، يالغۇز الله دىن ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.

وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ

«ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ الله تعالى نىڭ ئەمرى بىلەن ھەر زامان ئىنسانلىرىغا يەتكۈزگەن دىنى مۇشۇ تەۋھىد (پۈتۈن ئەقىدە ئىخلاسىنى، ئىبادەت، ئىتائەتنى الله قا قىلىش، باشقا ھېچ كىمگە چوقۇنماسلىق) دۇر. بارلىق مەخلۇقلار، ئىنسانلار بويسۇنۇشنى يالغۇز الله تعالى غا قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى» (سۈرە بەييىنە 5- ئايەت) دېگەن ئايەت ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىز بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىمىز بىردۇر» دېگەن ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر، ھەممە پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممىتىنى يالغۇز الله قا بويسۇنۇشقا، پەيغەمبەرلەرگە الله دىن چۈشكەن ۋەھيىگە ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان. شەيتان كۆڭۈلگە تاشلىغان ئارزۇلارغا، ئىنسانلار ئويلاپ چىقارغان تۈزۈملەرگە، دىنغا ئۇيغۇن بولمىغان ئادەت- يوسۇنلارغا بويسۇنماي، يالغۇز الله دىن پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھيىگە

ئىشىنىپ ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان. مانا بۇ تەۋھىد (بويسۇنۇشنى يالغۇز الله قا قىلىش) دۇر.

**2. سوئال: الله تعالى ئىنسانلارنى توسقان يامان ئىشلارنىڭ ئەڭ يامانراقى نېمە؟**

جاۋاب: شېرىك. شېرىك دېگەن ئىنسان **الله تعالى** غا بويسۇنۇشتا باشقىسىنىمۇ قوشۇپ بىللە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، باش ئېگىلىشتە، بويسۇنۇلۇشتا باشقا بىرسىنى **الله** قا شېرىك قىلىپ، **الله** قىمۇ، باشقىسىغىمۇ بويسۇنۇش، **الله** نىڭ شەرىئىتىگىمۇ، باشقىسىنىڭ تۈزۈملىرى، يوللىرىغىمۇ ئوخشاش رازى بولۇپ باش ئېگىش. **الله** دىنمۇ، باشقىدىنمۇ ئوخشاش ئەيمىنىپ قورقۇش، **الله** دىنمۇ، باشقىدىنمۇ ئوخشاش ئۈمىد قىلىش، ئوخشاش ئىخلاس قىلىش، ئوخشاش مۇھەببەت باغلاش بولسا، شۇ باشقىسىنى **الله تعالى** غا شېرىك قىلغانلىقدۇر. **الله تعالى** ئالدىدا، **الله** نى ئىنكار قىلىشتىن قالسا- شېرىكتىن ئېغىر جىنايەت يوق. شۇڭا شېرىكنى **الله تعالى** ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. ئىنساننىڭ تونۇشىدا **الله** دىن باشقىسىنى ئۇلۇغ بىلىش بولمىسا، **الله** قا ئاسىي بولۇشتىن قورقماي، مەخلۇققا بويسۇنۇش بولمىسا، باشقا گۇناھلىرىنى **الله** خالىسا مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى:

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ

« الله ھەققەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مـەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغـان ئادەمنىـڭ ئۇنىڭدىن باشـقا گـۇناھىنى مـەغفىرەت قىلىدۇ.» (سۈرە نىسا 48- ئايەت)

***3. سوئال: ئىسلام دىنىغا كىشەنگەن ئادەمگە زۆرۈر ۋاجىب (لازىم) بولغان ئىشلار نىمە؟***

جاۋاب: تۆت تۈرلۈك نەرسە لازىم.

1) الله تعـالى نـى، بـارلىقىنى، ھەممـە جەھەتتـە تەڭدىشى يوقلىقىنـى، سۈپەتلىرىنى تونۇش. مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ الله نىـڭ ئەلچىسـى ئىكەنلىكىنى دەلىلى بىلەن تونۇش، ئىسلام دىنىنـى دەلىل- ئىسپاتى بىلەن تونۇش.

2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشلىغان يـول بىلـەن الله تعالى غا ئىبادەت قىلىش ۋە ھەممە ئىشنى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن ئىسلام قانۇنىغا مۇۋاپىق قىلىش.

3) باشـقا ئىنسـانلارنى شـۇنداق ئىشىنىشـكە، شۇنداق ئەمەل قىلىشـقا باشلاش (ئۆگىتىش، سۆزلەش، تەرغىب قىلىش).

4) ھەممـە كىشىنى ئىسـلام دىنىغا ئىشـىنىپ، ئىسـلام بويىچـە ئىش قىلىشـقا چـاقىرىش تۈپـەيلىدىن كەلگەن زىيان- زەخمەت، بالايى- ئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، قەتئىي ئىرادىدە چىڭ تۇرۇشتۇر.

بۇ توغرىدا الله تعالى سۈرە ئەسرنى نازىل قىلدى:

وَٱلْعَصْرِ ﴿١﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ﴿٢﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ﴿٣﴾

**«ئەسىر بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق ئىنسان زىيانغا ئۇچرايدۇ، لېكىن، الله تعالى نى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى، ئىسلام دىنىنى توغرا تونۇپ، راست كۆڭلى بىلەن ئىشەنگەن ۋە الله تعالى رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق بۇيرۇغان ئىشلارنى ياخشى ئادا قىلغان ۋە باشقىلارنى ئىسلامغا ئىشىنىپ، ئىشلامغا ئەمەل قىلىشقا تەۋسىيە تەرغىب قىلغان، ۋە بۇ يولدا كېلىدىغان ئازار- كۈلپەت، زىيان- زەخمەتلەرگە چىداپ تۇرۇشنى بىر- بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقا كىشىلەر زىيان تارتمايدۇ (الله نىڭ ئازابىغا ئۇچرىمايدۇ).»**

مانا بۇ ئەسىر سۈرىسى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسىنى بايان قىلغاچقا ئىمام شافىئى: «ئەگەر **الله تعالى** ئىنسانلارغا سۈرە ئەسىردىن باشقا سۈرە نازىل قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ سۈرە **الله تعالى** نىڭ ئىنسانلارغا: «ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە- ئەمەللىرىنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەنمەن» دەپ دەلىل كۆرسىتىشىگە كۇپايە قىلاتتى.» دېگەن.

***4. سوئال: ئىنسانلارنىڭ الله تعالى غا قىلىدىغان ئىشلىرى، ئىتائەتلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى نېمە؟***

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ **الله تعالى** نى ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى بىلەن توغرا تونۇشى، ئاسمانلارنى، يەرنى،

ھەممە مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىشتا، ۋە ھەممە مەخلۇقاتنى ئۆزى باشقۇرۇشتا ھېچكىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىپ (چوقۇم ئىشىنىپ)، الله تعالى ئەزەلدىن بار ئىدى، ئەبەدى بار تۇرىدۇ دەپ ئىقرار قىلىپ، الله تعالى نىڭ ئۆزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ (الله تعالى بەردى دەپ تونۇپ، الله دىن خوش بولۇپ، الله قا بويسۇنۇپ)، الله تعالى چەكسىز كاتتا، ھېچكىمگە ھاجىتى يوق، باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلار (يارالغۇچىلار) الله قا مۇھتاج، ھەممە ئىش الله تعالى خالىغان، ئىراە قىلغان بويىچە بولىدۇ دەپ قەلبىدە راست ئىشىنىپ، مۇھەببەت بىلەن بويسۇنۇشتىن ئىبارەت.

***5. سوئال: الله تعالى نى توغرا تونۇش، توغرا ئىبادەت قىلىش، توغرا ئىش قىلىش نېمە بىلەن ھاسىل بولىدۇ؟***

جاۋاب: ئىلىم بىلەندۇر ئىنسان ئاۋۋال خالىس تەۋھىدگە (يالغۇز الله قا باش ئېگىش ئىدىيىسىگە) ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، الله تعالى غا قىلىدىغان ئىبادىتى ۋە خەلققە قىلىدىغان مۇئامىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ئىسلام قانۇنىغا ئۇدۇل بولمىسا الله ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەتتا ئىمان، تەۋھىد توغرا بولۇپ، ئەمەل- ھەرىكەت شەرىئەت تەلىماتىغا توغرا بولمىسا، ياكى ئەمەل- ھەرىكەت، گەپ- سۆز شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇپ، تەۋھىد توغرا بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى (كۆرسەتكەن يولى) بويىچە قىلىنمىغان ئىبادەت بىلەن الله تعالى نى توغرا تونۇش ھاسىل بولمايدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىغا توغرا ئېتىقاد ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ، الله تعالى غا قىلىدىغان ئىبادەت، ئىتائەتنى توغرا قىلىش ئۈچۈنمۇ، خەلقلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇئامىلىنى توغرا قىلىش ئۈچۈنمۇ، توغرا ئەخلاقلىق بولۇش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن بىلىم لازىم. يەنى: قۇرئان، ھەدىسنىڭ تەلىماتىنى بىلىش، ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتمىلىرىنى بىلىش لازىم. بىلمەي قىلغان ئەقىدە، بىلمەي قىلغان ئىبادەت، مۇئامىلە توغرا بولمايدۇ. توغرا بولمىسا الله قوبۇل قىلمايدۇ. فضيل بن عياض أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: الله تعالى نىڭ **«قايسىڭلار ئەمەلدە ياخشى»** دېگەن بۇ سۆزىدىن مەقسىتى: «قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىڭلار خالىس، ھەم توغرا دېمەكچى» دېدى. دېمەك: ئەمەل-ئىبادەت خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان كىشىدىن رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەن يول بويىچە سادىر بولسا ئىبادەت بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىبادەت بولمايدۇ دېگەن سۆز. الله تعالى غا قىلىدىغان ئىبادەت ۋە ئىتائەتنىڭمۇ، ئىنسانلار ئارا قىلىدىغان مۇئامىلىنىڭمۇ ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق، توغرا بولغىنى، بولمىغىنى ئىلىم بىلەن بىلىنىدۇ. يولىنى، ئۇسۇلىنى بىلمەي قىلغان ئىش توغرا بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ

قىلىدىغان ئىبادەت ۋە باشقا ھەممە ئىشنى توغرا قىلىشى ۋە الله تعالى ئالدىدا مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن دىن، شەرئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ھەر ئىشنى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يول بىلەن قىلىشى لازىم.

بۇ دۇنيالىق قىسقا ھاياتنى جاپاسىز ئۆتكۈزۈشكە تەجرىبە، ئىلىم (ئىلىم- پەن) بولمىسا بولمىغاندەك، الله تعالى نى رازى قىلىپ، بەختلىك ئاقىۋەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىلمىنى (قۇرئان، ھەدىس كۆرسەتمىلىرىنى) بىلىپ، توغرا ئەمەل قىلماي بولمايدۇ. ھەر ئىشنى توغرا قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ يولىنى بىلىش كېرەك.

***6. سوئال: الله تعالى نىڭ قۇلى ئىنسانغا ھەممىدىن بالدۇر لازىم بولىدىغان نەرسە نېمە؟***

جاۋاب: تەۋھىددۇر. تەۋھىد بولسا- ئىنسان بارلىق قۇللۇقنى، ئىتائەتنى، شەرتسىز بويسۇنۇشنى يالغۇز الله تعالى غا قىلىپ، راست ئېتىقاد بىلەن الله قا بويسۇنۇش، باش ئېگىش بولۇپ، ئىككىنچى بىر كىمنى الله قا قوشۇپ بويسۇنماسلىق، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا الله دىن باشقىنى ئۇلۇغ بىلىپ چوقۇنماسلىق، بىر كىمنىڭ ئىسلام شەرئىتىگە خىلاپ بولغان بۇيرۇقىغا ئىختىيارى بويسۇنماسلىقتۇر.

***7. سوئال: الله قا بويسۇنۇشنىڭ ئەمىلي ئىپادىسى نېمە؟***

جاۋاب: الله قا بويسۇنۇشنىڭ ئۈچ خىل ئىپادىسى بار:

**1- ئىپادىسى:** الله تەئالى بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلامدۇر.

ئىسلام (الله قا تەسلىم بولۇپ بويسۇنۇش)نىڭ تۈپ ئاساسى بەش بولۇپ:

1) **الله تەئالى** بار، بىزنىڭ باش ئېگىپ بويسۇنۇشىمىزغا يالغۇز **الله تەئالى** ھەقلىق، **الله** دىن باشقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بىر كىم يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **الله تەئالى** نىڭ قۇلى ۋە ھەممە ئىنسانلارغا **الله** نىڭ دىنىنى ئۆگىتىشكە تەيىنلەنگەن ئەلچىسى دەپ راست دىلى بىلەن ئىشىنىپ، تىلىدا ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىش.

2) **الله تەئالى** بۇيرىغان نامازلارنى تولۇق ۋە توغرا ئوقۇش بىلەن **الله تەئالى** غا تەزىم بىلدۈرۈش.

3) ئىقتىسادلىق كىشىلەر **الله تەئالى** بەلگىلىگەن پىرسەنت بويىچە زاكات، سەدىقىلەرنى كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئادا قىلىش.

4) ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتۇش.

5) ھەج سەپىرىنىڭ يول خىراجىتىگە ۋە يولنىڭ تىنچ شارائىتىغا ئىگە بولغان كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز ھەج قىلىش.

مانا بۇلار مۇسۇلمان بولغانىنىڭ (الله قا تەسلىم

بولغانلىقى) ئەمەلىي ئىبادەتلىرىنىڭ بىرسى.

*2- ئىبادىسى:* ئىمان. يەنى ئالتىگە ئىشىنىش.

اللە تەئالى نىڭ بارلىقىغا، بويسۇنۇشقا يالغۇز ھەقلىق ئىكەنلىكىگە، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ۋە ھەر قايسىسى اللە بۇيرىغان ئىشنى قىلىدىغانلىقىغا، اللە تەئالى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ راستلىقىغا، ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىغا، توغرا يولغا باشلىغۇچى ئەلچىلەر ئىكەنلىكىگە، ئالەمدىكى ھەممە ئىش اللە نىڭ باشقۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىغا (قازا ۋە قەدەرگە)، بىر كۈنى يەر شارى ۋەيران بولۇپ، ئىككىنچى بىر ئالەم بارلىققا كېلىپ، ھەممە ئۆلۈكلەر تىرىلىپ قوپۇپ، اللە ئالدىدا ھېساب بېرىپ، بىر بۆلۈكى باغۇ- بوستانغا، بىر بۆلۈكى ئوتقا كىرىدىغانلىقىغا بىر پۈتۈن ئىشەنمەك.

*3- ئىبادىسى:* ئېھسان.

اللە تەئالى غا قىلىدىغان ئىبادەتنىمۇ، ئىنسانلارغا قىلىدىغان ياخشىلىقنىمۇ اللە كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن قاراش بىلەن اللە نى رازى قىلىشنى ئويلاپ، كۆڭۈلنى ھازىر قىلىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش.

## *8. سوئال: تەۋھىددىن كېيىن نېمە لازىم؟*

جاۋاب: ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن، كاپىرلىق، ئازغۇنلۇقنىڭ پەرقىنى بىلىش لازىم. چۈنكى اللە نىڭ قۇلى (ئىنسان) اللە نىڭ دىنىغا (ئىسلامغا) ئىشىنىش قايسى؟

الله كۆرسەتكەن توغرا يول قايسى؟ ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، كۇفرى دېگەن نېمە؟ الله يولىدىن ئازغانلىق قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ، بىلمەي، ئىشەنمەي تۇرۇپ بەزى ئىمان، ئىسلام، تەۋھىد سۆزلىرىنى سۆزلەيدۇ. بەزى كۇفرى سۆزلىرىنى سۆزلەيدۇ. كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەن، تونۇمىغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلارنى دوراپ قىلغان ئەمەل- ئىبادەتلىرى پايدىسىز. توغرا چۈشىنىش، راست ئىشىنىش بىلەن قىلىنمىغان ئەمەل- ئىبادەتنىڭ الله تعالى ئالدىدا ئېتىبارى يوق. شۇڭا مۇناپىق (يالغان مۇسۇلمان) نىڭ ئىبادىتى بىكار.

### 9. سوئال: ئۆگەنگەندىن كېيىن نېمە لازىم؟

جاۋاب: ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ، تەۋھىد بىلەن شېرىكنىڭ، توغرا يول بىلەن ئازغۇن يولنىڭ پەرقىنى تونۇپ بىلگەندىن كېيىن، **الله تعالى** غا بويسۇنۇشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان ناماز، روزا، زاكاتتەك ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلغۇدەك ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگۈدەك بىلىم ھاسىل قىلىش ۋاجىب ۋە لازىم. بۇ بىلىمنىڭ 2- ئورۇندا لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى: ئىمان، تەۋھىد (ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇشنى يالغۇز الله قا قىلىش) ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر ئەمەل- ئىبادەتلەر ئىمان تۈپىدىن كۆكلەپ چىققان شاخ- پۇتاقدۇر (ئىشىنىشنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنىشىدۇر). تۈپ ئاساسىنى

تـوغرىلاش، شـاخ- پـۇتاقنى توغرىلاشـدىن بـۇرۇن بولـۇش كېرەك.

***10. سوئال: ھەر شەخسكە پەرز (قەتئىي بۇيرۇق) بولغان ئىلىم ۋە تونۇشنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟***

جاۋاب: ئۇ كىشىگە «مەن مۇسۇلمان» دېگەن قـۇرۇق دەۋاسىدىن باشقا پايدا يوق. مۇنداق بىلمەي، چۈشەنمەي قىلغان مۇسـۇلمانچىلىقنىڭ پايدىسـى مۇشـۇ دۇنيادىلا بولۇپ، ئۇ ئادەم كاپىر دېيىلمەيدۇ، كاپىرغا قىلىنىدىغان مۇئامىلـە قىلىنمايـدۇ. لـېكىن، مۇنـداق شـەكلى مۇسـۇلمانلىق بىلـەن ئاخىرەتتـە جەننەتكـە كىرمـەك مۇشـكۈل. چۈنكـى بەنـدىنىڭ اللە تعالى غـا بولغـان يېقىنلىقى، اللە نى، اللە نىڭ دىنىنى تونۇشـىغا چۈشلۈق بولىدۇ.

***11. سوئال: يالغۇز اللە تعالى غا بويسۇنۇشىدا اللە تعالى نى قايسى تەرەپلەردە يالغۇز، ئوخششى يوق دەپ تونۇش لازىم؟***

جاۋاب: اللە تعالى نىڭ بارلىقىنىـڭ بـاش- ئاخىرى يوق، ئەزەلدىن بار، ئەبەدى بـار، اللە تعالى ھـېچ نەرسىگە ئوخشـىمايدۇ، ھـېچ نەرسـە اللە تعالى غـا ئوخشـىمايدۇ. ماكانغـا، ئورۇنغـا مـۇھتاج ئەمـەس. زامـان ئـۇنى ئۆزگـەرتمەيدۇ. زاتـىدا، قىلىـدىغان ئىشـلىرىدا ئىككىنچىسى يـوق (اللە تعالى قىلىدىغان بىرەر ئىشنى

باشقا بىر كىم قىلالمايدۇ). ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە ھاجىتى يوق. ھەر نەرسىگە قۇدرەتلىك، ئۆزى ئىرادە قىلغاننى قىلغۇچى. الله تعالى قىلغان ئىشنى «نېمىشقا مۇنداق قىلدى؟» دەپ سورالمايدۇ. ھەممە ئالەمنى، ھەممە نەرسىنى يوقدىن بار قىلدى. ھەممىنى كۆرىدۇ، ھەممىنى ئاڭلايدۇ. الله نى بىر ھال يەنە بىر ھالدىن مەشغۇل قىلمايدۇ (بىر ئىشقا مەشغۇل بولسا يەنە بىر ئىشدىن خەۋەرسىز بولمايدۇ، يەنە بىر ئىشنى قىلالماي قالمايدۇ). ھەر ئىشقا ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. يوقنى پەيدا قىلىشتا، ھوقۇق- ھاكىمىيەتتە، ئۆلچەش، پىلانلاش، باشقۇرۇشتا ئۆزى يالغۇز. ھېچكىم الله تعالى نىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ. قانداق نەرسىنى پەيدا قىلىشنى خالىسا 'ۋۇجۇدقا كەل!' دەيدۇ، شۇ زامان ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. الله تعالى دائىم كامىل سۈپەتلەر ئىگىسى دەپ راست دىلى بىلەن ئىشىنىش، يۇقارقى خۇسۇسىيەتلەردە ئوخشىشى يوق دەپ ئىشىنىش لازىم.

**12. سوئال: الله تعالى نىڭ كامىل سۈپەتلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: الله تعالى دائىم ھايات، قۇدرەت ئىگىسى، ئۆزى ئىرادە قىلغاننى قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، سۆزلىگۈچى، يوقنى بار قىلغۇچى، ئەزەلدىن ۋە ئەبەد بار تۇرغۇچى، مىسلى يوق، تەڭدىشى يوق بىرلا يالغۇز زات قاتارلىق قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى ئۆزى ئىسپاتلىغان ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھەدىسلىرىدە ئىسپاتلىنغان سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ. **اللە تعالى** ئۆزى ھېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمىغاندەك، **اللە تعالى** نىڭ سۈپەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرى ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ سۈپىتى ۋە قىلمىشىغا ئوخشىمايدۇ. **اللە تعالى** قۇرئان، ھەدىستە ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر، **اللە تعالى** ئۆزى بىلىدىغان، ئۆزى ئىرادە قىلغان مەنا بىلەن، ئۆزىگە لايىق سۈپەتلەر دەپ ئېتىقاد قىلىنىشى لازىم.

لَيْسَ كَمِثْلِهِۦ شَىْءٌ

**«ھېچ شەيئى اللە قا ئوخشاش ئەمەستۇر.»** (سۈرە شۇرا 11-ئايەت) دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلى، **اللە** نىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنسان ئۆزى ئويلىغان مەناغا ئۆزگەرتسە بولمايدۇ. ئىسمى ئوخشاش بولغان نەرسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

### *13. سوئال: پەرىشتىلەر قانداق كىشلەر؟*

جاۋاب: پەرىشتىلەر- **اللە تعالى** نىڭ تولۇق ئېتىقاد قىلغۇچى، كامىل بويسۇنغۇچى قۇللىرى ۋە ئەسكەرلىرىدۇر. ئۇلار **اللە تعالى** نىڭ ئەمرى- پەرمانىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. **اللە** نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلىدۇ.

لَّا يَعْصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ ﴿٦﴾

**«ئۇ پەرىشتىلەر اللە نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا**

شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 6- ئايەت) دېگەن ئايەت پەرىشتىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار بىر قانچە تۈرلۈك ئىشلارغا مەسئۇل. مەسىلەن: بەزىسى الله تعالى بىلەن ئىنسان پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ئەلچى بولۇپ، الله نىڭ سۆزىنى پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈشكە مەسئۇل، بەزىلىرى جان ئېلىشقا مەسئۇل، بەزىلىرى ئىنسانلارنى ساقلاشقا، بەزىلىرى ئىنسانلارنىڭ ياخشى- يامان ئىشلىرىنى يېزىشقا مەسئۇل. بەزىلىرى جەننەتكە، بەزىلىرى دوزاخقا مەسئۇل. بەزىلىرى ئەرشى ئەئلانى كۆتۈرۈشكە مەسئۇل. بەزىلىرى ئىنسانلارغا پايدىلىق خىزمەت ئىشلەيدۇ. بەزىلىرى ئايال كىشىنىڭ بالىياتقۇسىدىكى بالىنى الله بۇيرۇغان سۈرەتتە سۈرەتلەشكە مەسئۇل. بەزىلىرى تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ سانادەك ئىبادەتكە مەشغۇل.

پەرىشتىلەرنىڭ ئىككىدىن، ئۈچتىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قاناتلىرى بار، ئۇلارنىڭ تەنلىرى، سۈرەتلىرى بەش سىزىم ئەزا بىلەن بىلىنىدىغان مەخلۇقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدۇ. قاناتلىرىمۇ جانىۋارلارنىڭ قانىتىغا ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆزى ياشىغان ئالەمگە مۇناسىپ. الله تعالى خالىغان بويىچە ۋۇجۇد ۋە شەكىل ئىگىلىرى. بىز ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي دۇنيادا تۇرۇپ، باشقا ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى ھېسسىي دۇنيا مەخلۇقلىرىغا قىياس قىلىپ، ئانداقتۇر، مۇنداقتۇر دەپ خىيال قىلىشىمىز توغرا ئەمەس. ھەر كىم ئۆز ھەددىدە

بولۇش كېرەك.

غايىب ئالەمدىكى نەرسىلەرنى، ئىشلارنى دۇنيا ئالىمىدىكى نەرسىلەرگە، ئىشلارغا ئوخشىتىشقا، ئۆلچەشكە بولمايدۇ. غەيىب ئالەم ئىشلىرى، ئاخىرەت ئىشلىرىنى ﷲ تعالى خەۋەر قىلغان بويىچە ئىشىنىش كېرەك. قانداقلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش، باھا بېرىش توغرا بولمايدۇ.

## 14. سوئال: ﷲ تعالى نىڭ كىتابلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ﷲ تعالى نىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى بىلەن (جىبرىئىل پەرىشتە ۋاسىتىسى بىلەن) چۈشۈرگەن كىتابلىرىدۇر ۋە قەدىمي سۆزلىرىدۇر تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىللار (نىڭ ئەسلىدىكىسى) ۋە قۇرئان كەرىم شۇ كىتابلاردىندۇر قۇرئان كەرىم ھەممىدىن ئۇلۇغراق، كامىلراق، قۇرئاننىڭ ھۆكمى قىيامەتكىچە مۇقىم بىر خىل تۇرىدۇ. قۇرئاننى ھېچكىم باشقا كىتابلارنى ئۆزگەرتكەندەك ئۆزگەرتەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىم ﷲ تعالى نىڭ قەدىم (ئەزەلدىن بار) سۆزىدۇر يارىتىلغان ئەمەس. ﷲ تعالى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى بىلەن چۈشۈرگەن مۇقەددەس، پاك سۆزىدۇر دۇنيا، يەر شارى يوقىلىش ئالدىدا قۇرئان ئىنسانلارنىڭ دىلىدىن ۋە ۋاراقلاردىن كۆتۈرۈلۈپ ﷲ تعالى غا قايتىدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلاپ قىلىشقا ﷲ تعالى ئۆزى كېپىلدۇر.

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ

**«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.»** (سۈرە ھىجىر 9- ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل (قۇرئاندىن باشقىسىنى خائىنلار ئۆزگەرتىۋەتكەن).

### 15. سوئال: پەيغەمبەرلەر قانداق كىشىلەر؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى الله كۆرسەتكەن توغرا يولغا باشلىغۇچىلار الله تعالى ئۇلارنى ئىنسانلارغا رەھىم- شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن، خەلقلەرنى بەخت يولىغا باشلاشقا تەيىنلىگەن. ئۇلار مۆئمىن بولغان ۋە الله نى رازى قىلىش مەقسىتىدە ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئاخىرەتتە جەننەت (مەڭگۈلۈك باغ بوستان) ۋە تۈگىمەس ھالاۋەت بارلىقىدىن خۇشخەۋەر بېرىدۇ. بويسۇنۇشتا الله تعالى غا باشقىنى قوشۇۋالغان، الله يولىدىن چىقىپ باشقا يولغا كىرگەن ئازغۇنلارغا ئاخىرەتتە ئوت ئازابى بارلىقىنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئىنسانلارغا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەخت- سائادەت تېپىشقا لازىملىق ئىشلارنى، ئەقىدىلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى ئالى مەرتىۋىگە يەتكۈزىدىغان يوللارغا باشلايدۇ، الله تعالى ۋەھيىنى (دىن ئىشلىرىنى مەخپىي بىلدۈرۈشنى) پەيغەمبەرلەرگە خاس قىلدى. ئۇلارنىڭ الله تعالى غا ئەلچىلىكى بىر قانچە تۈرلۈك مۆجىزە (ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىش) لەر ۋە دەلىللەر بىلەن كۈچەيتىلدى. الله تعالى ئۇلارغا ۋە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە رەھىم قىلسۇن.

**16. سوئال: پەيغەمبەرلەر قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە؟**

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر چوڭ گۇناھدىن پاك، خالىي، راست سۆزلىگۈچى، توغرا ئىش قىلغۇچى، ھوشيار، زېرەك، ئەقلى كامىل، سەزگۈرلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. خەلقلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان تەلىماتلارنى كەم-زىيادە قىلماي، خىيانەت قىلماي، يوشۇرماي، ئىشەنچلىك، راستلىق بىلەن ئۆز ئەينىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇلار الله تعالى توسقان ئىشلاردىن ھېچبىرىنى قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، غاپىل بولمايدۇ. الله تعالى ئالدىدىكى ئالىي مەرتىبىلەرگە زىيانلىق بولمىغان، پەيغەمبەرلىككە ئەيىب، كەمچىلىك بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەسلى ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن تاماق يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئايالى بىلەن ھالال مۇناسىۋەت قىلىدىغان، ئۇخلايدىغان، ھاجىتى ئۈچۈن بازارلارغا بارىدىغان، ئالىدىغان، ساتىدىغان ئىشلاردەك ئەيىب، كەمچىلىك بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ھەممىسىنىڭ الله تعالى غا ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە ھەممىسىگە ھۆرمەت قىلىش، سۆيۈش لازىم. ھەتتا ئۇلاردىن بىرەرسىگە ئىشەنمەي قالغان كىشى ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىگەن بولىدۇ، دىنغا ئىشەنگۈچى بولمايدۇ.

لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِۦ

«مۆئمىنلەر: « اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) دەيدۇ.»» (سۈرە بەقەر 285- ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلىرى، خەۋەرلىرى بىزگە مەلۇم بولسۇن، بولمىسۇن، ھەممىگە بىر پۈتۈن ئىشىنىش لازىم. قۇرئاندا ئىسمى ۋە بەزى ۋەقەلىرى سۆزلەنگەنلىرى 25 بولۇپ، ئۇلار: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇف، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، زۇلكىفىل، داۋۇد، سۇلايمان، ئىلياس، ئەل يەسەئ، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، بۇلارغا ئايرىم- ئايرىم راست پەيغەمبەر دەپ ئىشىنىش لازىم. ئەمما ئەمەل قىلىشتا ئىسلام قانۇنىغا ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

### 17. سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىمان دېمەك: بىر ئىشقا ياكى بىر كىمگە يۈرەكتە راست دەپ ئىشىنىپ، تىلدىمۇ ئىقرار قىلىشتۇر. كۆڭلىدە ئىشەنمەي، تىلدا ئىقرار قىلىش ئىمان ئەمەس. ئىشەنمەي، ئىقرار قىلماي، تونۇپ بىلىپ قويۇشمۇ ئىمان بولمايدۇ. اللە تعالى نىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى تونۇسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تونۇسا، لېكىن دىلىدا ئىشەنمىسە، تىلدا ئىقرار قىلمىسا ئىمان بولمايدۇ.

### 18. سوئال: ئىمان كەم- زىيادە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىشەنگۈچىلەر ئىشىنىش لازىم بولغان ھەقىقەتلەر (يەنى ئالتە مەسىلە) ئاز قالمايدۇ، كۆپەيمەيدۇ، ھەممىگە ئوخشاش بىر پۈتۈن ئىشىنىش لازىم، (الله قا، پەرىشتىلەرگە، الله نىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلەرگە، قازا ۋە قەدەرگە، ئاخىرەتكە) بىر پۈتۈن ئىشەنمەي، بەزىسىگە ئىشىنىپ، بىرەرسىگە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ باشقىسىغا ئىشەنگىنى ھېساب بولمايدۇ. شۇڭا الله تعالى غا ئىشىنىپ، پەيغەمبەرگە، ياكى پەرىشتىگە، ياكى ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ياكى ھەممە ئىش الله نىڭ قانۇنى، ھۆكمى بويىچە بولۇشىغا ئىشەنمىگەن ئادەم مۆئمىن ئەمەس. بۇ تەرەپتىن ئىمان كەم- زىيادە بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئالتىگە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئىشىنىشىنىڭ دەلىل- ئىسپاتلىق، مۇستەھكەم بولۇشى، شەكسىز ئايدىڭ بولۇشى ياكى يۈزەكى بولۇشى، راسا مۇستەھكەم قەلبىدە ئورناشمىغان ياكى دەلىل بىلەن ئەمەس كىشىلەرگە ئەگىشىش ئاساسىدا بولۇشىنى ھېسابقا ئالغاندا ئىمان كەم- زىيادە، يەنى ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولىدۇ، پەرقلىق بولىدۇ.

### 19. سوئال: ئىسلام دىنىغا مۇستەھكەم ئىشەنگەن ئادەم شەرىئەتكە خىلاپ گۇناھ قىلىپ سالسا كاپىر بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانىنىڭ ئىمانى، تەۋھىدى تولۇق بولسا

(يەنى ئىسلامنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى توغرا، قۇرئاننىڭ ھەممە كۆرسەتمىسى توغرا، الله دىن باشقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك كىشى يوق دېگەن قارىشى شەكسىز، ئېنىق بولسا، ئىسلام دىنى ھارام دېگەن ئىشنى ۋە نەرسىنى ھالال دەپ تونۇمىسا، قانۇن يالغۇز الله نىڭ قانۇنى دەپ تونۇسا) ئۇنداق كىشى جىنايەت قىلىش بىلەن كاپىر بولمايدۇ. ئاسىي، پاسىق (شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچى) بولىدۇ. الله نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان كىشى كاپىر بولىدۇ. دىنغا ئىشەنمىگەن بولىدۇ.

**20. سوئال: ئىنساننىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشى ۋە ئىسلام يولىدا مېڭىشى ياكى كاپىر بولۇشى ۋە ئىسلام يولىدىن باشقا يولغا ئېزىپ كېتىشى نېمە سەۋەبتىن بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئىنساننىڭ ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدە ئىشىنىشى ۋە ئىسلام يولىدا مېڭىشى الله تعالى نىڭ شۇ كىشىگە شەپقەت ۋە ئىلتىپات قىلىپ، قەلبىنى ئىمان، ھىدايەتكە مايىل قىلىشى، ئىمان، ھىدايەتنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەسلىكى، ئىسلام يولىدا ماڭماسلىقى بولسا، الله تعالى نىڭ ئىنسانغا كاپىر ياكى مۆئمىن بولۇش ئىختىيارىنى ئۆزىگە بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئادىللىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، كاپىر، پاسىق بولغىنىغا ئىنسان ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ كاپىر، پاسىق بولۇشى، قازا ۋە قەدەر دېگەن سۆز بولسا، ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىر، پاسىق بولۇشىنى الله تعالى بۇرۇن بىلگەچكە، پالانى ئىنسان كاپىر بولىدۇ دەپ قەدەرگە يېزىۋەتكەن. شۇ ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىر ياكى پاسىق بولىدۇ. بۇ ئىشنى الله ئەزەلدىن بۇرۇن بىلىپ يازغان قەدەرگە ئۇدۇل چىقىدۇ، دېگەنلىكتۇر. الله ئىنساننى مەجبۇرەن كاپىر قىلىپ بولۇپ، دوزاخقا سالىدىغان كىشى ئەمەس. الله زالىم ئەمەس، ئادىل. ئەمما ھېچكىمنىڭ: الله بۇنى نېمىشقا مۇنداق قىلدى؟ ئۇنى نېمىشقا ئۇنداق قىلدى؟ دەپ الله نىڭ قەدەرىگە، ھۆكمىگە نارازى بولۇش، ئېتىراز بىلدۈرۈش، سوئال سوراش ھەققى يوق. ئىنساننىڭ الله قا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار. الله بىلگەننى ئىنسان بىلمىگەندىن كېيىن ئۆز ھەددىمىزدە بولۇشىمىز لازىم. بەندە دېمەك: پارس تىلىدا قول دېمەكتۇر. قولنىڭ خوجىسىغا شەرتسىز بويسۇنۇشىلا بار. الله نىڭ ھەر قانداق ئىشىغا ئىنساننىڭ تاقىشىش ھەققى يوق.

لَا يُسْئَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْئَلُونَ

**« الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال- سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ.»** (سۈرە ئەنبىيا 23- ئايەت) دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلى.

***21. سوئال: ياخشىلىق، يامانلىق كىمدىن؟***

جاۋاب: ياخشىلىق، يامانلىقنى ئالدىن قارارلاشتۇرغۇچى **اللە تعالى**، ئەمەلدە ئىشلىگۈچى ئىنساندۇر. ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىش قىلىش بەندە ئىختىيارلىقىدادۇر.

**فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا**

**«اللە تعالى ئىنسانغا خاتالىقنى ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ قويدى.»** (سۈرە شەمس 8- ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل. ئىنسان **اللە** بۇيرىغان ئىشلارنى رىئايە قىلىپ ئىشلىشى، توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم. خاتالىقنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ، پېشانەمگە يېزىلغان قەدەر تۇرسا، مەندە نېمە گۇناھ بار دەپ ئۆزىنى ئالداش توغرا ئەمەس، قازا ۋە قەدەر (**اللە تعالى** نىڭ ئالدىن بىلگەنلىكتىن قارارلاشتۇرۇشى) **اللە** نىڭ ئىشى بولغاندەك، ئىنسانلارنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ئارقىلىق بىر بۆلۈك ئىشلارغا بۇيرۇشى، بىر بۆلۈك ئىشلاردىن مەنئى قىلىشىمىز **اللە** نىڭ ئىشى دەپ بىلىشىمىز، تېگىنى بىلەلمەيدىغان ئىشقا خاتا باھا بەرمەي، قولىمىزغا ئەمەل قىلىپ، بۇيرۇغاننى قىلىشىمىز، توسقاندىن يېنىشىمىز لازىم. **اللە** بۇيرىغاننى قىلمىساق، توسقاندىن ساقلانمىساق **اللە** نىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولىمىز دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز لازىم.

***22. سوئال: اللە تعالى نىڭ ھۆكۈملىرى قانچە تۈرلۈك؟***

جاۋاب: ئۈچ تۈرلۈك. بىرسى: **اللە تعالى** خالاپ ھەم

ياخشى كۆرۈپ ھۆكۈم قىلغان ناماز، روزىدەك پەرز ئىشلار

ئىككىنچىسى: الله خالاپ، ياخشى كۆرگەن،، لېكىن بەندىلىرىگە رەھىم قىلىش يۈزىدىن پەرز قىلمىغان، بۇيرىمىغان، بەندىلىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويغان نەپلى ئەمەللەر

ئۈچىنچىسى: الله ئۇنىڭ ئىنساندىن سادىر بولۇشىنى ياقتۇرمىغان، لېكىن سىناق ئۈچۈن ئىنسانغا ئىختىيار بەرگەن كاپىرلىق، مۇناپىقلىق، ئاسىيلىق ئىشلار، بۇ ئىشلاردا ئىنسانغا ئىختىيار بېرىشنى خالاپ ئەزەلدە قارارلاشتۇرغانلىقتىن «قازا ۋە قەدەر» (الله نىڭ ئالدىن قىلغان ھۆكمى ۋە توختامى) دېيىلىدۇ.

***23. سۇئال: ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى پەيدا قىلغۇچى كىم؟***

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىنى پەيدا قىلغۇچى الله تعالى دۇر «سىلەرنىمۇ، قىلىدىغان ئىشلىرىڭلارنىمۇ الله ياراتتى.» دېگەن ئايەت دەلىل.

الله تعالى مەخلۇقلارنى ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىدىن پايدىلاندۇرۇش، شەپقەت قىلىش ھەم ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن پەيدا قىلدى، ئۇلارغا مۇھتاج بولغانلىقتىن ئەمەس ياكى ئۆزىگە پەزىلەت، كامىللىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئالەمدىكى ھەممە مەخلۇق الله تعالى غا مۇھتاج، ئەمما الله ئۇلاردىن بىھاجەت.

إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ

**« اللە ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.»** (سۈرە ئەنكەبۇت 6- ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل.

اللە ھەممە مەخلۇقنى پەيدا قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچىدۇر. ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ. **« اللە سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن كېيىن رىزىق بەردى. ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن اللە ئالدىغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ياندۇرۇلىسىلەر.»** دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلى.

***24. سوئال: رىزىق دېگەن نېمە؟***

جاۋاب: ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رىزىق. ھالال بولسىمۇ، ھارام بولسىمۇ رىزىق دەپ ئاتىلىدۇ. **اللە تەئالى** ھارام قىلغان نەرسە پايدىلىق بولسىمۇ ھارام. ھارام قىلىنغان نەرسىنى ئىشلىتىش جىنايەت. ھەر ئىنساننىڭ مۇقەررەر رىزقى بار، ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. بىر كىمنىڭ رىزقى، نېسىۋىسىنى بىر كىم ئالالمايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى، قانۇنىغا مۇۋاپىق يول بىلەن ئىقتىساد كىرىم قىلىش ھالال، ھالال يول بىلەن باي بولۇش ھالال ۋە رۇخسەت. ئىقتىساد، مال- مۈلۈكنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىپ (**اللە تەئالى** بىرىشكە بۇيرىغان زاكات، ئۆشرە، سىلە- رەھمى، سەدىقىلەرنى ئۆبدان ئادا قىلىپ) باي بولۇش ياخشى. ھارام يول بىلەن پۇل- مال كىرىم قىلىش ھارام.

**25. سوئال: مۆئمىن ئادەمنىڭ اللە تعالى بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىشقا كۈچى يېتىشى قاچان بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئەمەلگە كۈچى يېتىش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرسى قىلىدىغان ئىش ئۈنىڭ بىلەن ھاسىل بولىدىغان كۈچى يېتىش بولۇپ، بۇ مەخلۇقنىڭ سۈپىتى ئەمەس. بۇ كۈچى يېتىش ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بىلەن بىر تۇتاش. بۇ بولسا تەۋپىق (شارائىت ھازىرلاپ بېرىش) دەك ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ تۈپ ئاساسى. يەنە بىر تۈرلۈك كۈچى يېتىش بولسا: ئىش قىلغۇچىنىڭ تەن- سالامەتلىكى ياخشى بولۇش، توسالغۇ بولماسلىقدەك ئىشلار بولۇپ، بۇلار ئىشلىگۈچىنىڭ سۈپىتى. مۇنداق كۈچى يېتىش ئىش ۋۇجۇد بولۇشتىن بۇرۇن بولىدۇ. اللە تعالى ئىنساننى مۇشۇنداق شارائىتى بار- يوقلىقىغا قاراپ ئىشقا بۇيرۇيدۇ.

لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا

**« اللە تعالى ئىنساننى كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ.»** (سۈرە بەقەر 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ مَا ٱسْتَطَعْتُمْ

**«كۈچۈڭلار يەتكەن مىقدارى اللە دىن قورقۇڭلار، بۇيرۇغانى ئادا قىلىڭلار.»** (سۈرە تەغابۇن 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا

**«قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللە ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت**

**قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.»** (سۈرە ئال ئىمران 97- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن كۆچى يېتىشلەر مۇشۇ كېيىنكى كۆچى يېتىشتۇر. بەندىنىڭ ئىشىنى اللە تعالى پەيدا قىلىدۇ. بەندە ئۆز ئىقتىدارىغا لايىق ئىش قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ.

### 26. سوئال: ئىنساننىڭ ئەجلى (ئۆلۈم قارارى) قانداق؟

جاۋاب: ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەجلى بۇرۇن توختام قىلىنىپ كېتىلگەنلىك. ئادەم قايسى سەۋەبى بىلەن ئۆلسۇن، چېپىلسۇن، ئېتىلسۇن، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلسۇن، سۇدا ئېقىپ ئۆلسۇن، بۇرۇن اللە تعالى توختاتقان ۋاقىت، سائەتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ.

**إِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ فَلَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ**

**«ئىنسانلارنىڭ ئەجلى كەلسە، بىردەم ئىلگىرى، ياكى كېيىن بولمايدۇ.»** (سۈرە يۇنۇس 49- ئايەت) دېگەن ئايەت بار.

ئىسلام شەرىئىتىدە قاتىلدىن قىساس ئېلىش، ئۆلتۈرۈش ياكى جەرىمانە تۆلىتىشكە بۇيرۇش بولسا، ئەجەلنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن ئەمەس. جەمئىيەت ئادەملىرى بىر- بىرىدىن خاتىرجەم، كۆڭلى ئارامىدا ياشىسۇن، ئاداۋەت، زىددىيەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار بولمىسۇن ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇش كېرەك ۋە باشقا

سەۋەبلەر ۋە ھېكمەتلەر بولۇپ، اللہ ئۆزى بىلىدىغان سەۋەبلەر بار ئەلۋەتتە. شۇڭا بۇزۇقلارنى جازالاش توغرا.

***27. سوئال: پاسىق (ئىسلام شەرىئىتى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمايدىغان) جىنايەت ئىشلىگۈچى، ئەمما دىنغا ئېتىقادى بار ئادەم، تەۋبە قىلماي (جىنايەتتىن پۇشايمان قىلىپ قولىنى يىغماي) ئۆلسە ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟***

جاۋاب: پاسىق تەۋبە قىلماي ئۆلسە، لېكىن ئاللاھ ئىمانغا ئىشەنگەن ھالەتتە ئۆلسە، ئۇنىڭغا اللہ تعالى خالىسا ئازاب قىلىدۇ ياكى خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ دەپ كىسىپ ئېيتىش توغرا ئەمەس. ئۇ ئادەمگە اللہ تعالى ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ. خالىسا ئىلتىپات قىلىپ كەچۈرىدۇ. ئۇ ئادەم ئىشىنىشى، ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ياكى شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىشى تۈپەيلىدىن ئەپۇ قىلىدۇ. خالىسا جىنايىتىگە لايىق، ئادىللىق بىلەن ئازاب قىلىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئازابتىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ

**«اللہ تعالى شېرىكنى (اللہ تعالى غا قوشۇپ مەخلۇقنى چوقۇنغان جىنايەتنى) كەچۈرمەيدۇ. ئەمما اللہ دىن باشقىنى ئۇلۇغ بىلمىگەن، يالغۇز اللہ نىڭ شەرىئىتىنى توغرا دەپ تونىغان، مەخلۇققا بويسۇنۇش ئۈچۈن اللہ قا ئاسىي بولۇشقا رازى بولمىغان گۇناھكار مۆئمىننىڭ گۇناھىنى خالىسا كەچۈرىدۇ.»** (سۈرە نىسا 48-

ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل.

**28. سوئال: ئۆلگەن ئادەم گۆردە تىرىلەمدۇ؟ پەرىشتە سوئال سورامدۇ؟**

جاۋاب: ئۆلگەن ئادەم قەبرىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ، سوئال سورىلىدۇ.

رَبَّنَآ أَمَتَّنَا اثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا اثْنَتَيْنِ

**«ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ دەيدۇ»** (سۈرە غافىر 11- ئايەت) دېگەن دەلىل. يەنى ئۆلۈك ماددا ئىدۇق، تىرىلدۈرۈپ دۇنيادا ياشاتتىڭ، يەنە ئۆلتۈردۈڭ، يەنە قەبرىدە تىرىلدۈردۈڭ دېمەكتۇر. ئۆلۈك گۆرگە كۆمۈلگەندىن كېيىنلا، مۇنكىر، نەكىر ئىسىملىك ئىككى پەرىشتە گۆرگە كىرىدۇ. ئۆلۈككە جان قايتىپ كېلىدۇ، سوئالنى چۈشەنگىدەك، جاۋاب بېرەلىگۈدەك ئەقىل، تۇيغۇ بېرىلىدۇ. پەرىشتىلەر: سىنى ياراتقان، باشقۇرىدىغان ئىگەڭ كىم؟ سەن قايسى پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى؟ سەن دۇنيادا قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلاتتىڭ؟ دەپ سورايدۇ. بۇ ئەھۋال قۇرئان ۋە ھەدىسلەر سۆزلىگەن راست خەۋەردۇر. بۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىش كېرەك. گۆردىكى، ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللارنى قۇرئان، ھەدىس خەۋەر قىلغان بويىچە ئۆز ئەينىگە ئىشىنىش لازىم. بۇ ئەھۋاللارنى بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، يەتەرسىز ئەقىل بىلەن تەھلىل، مۇلاھىزە قىلىپ قايمۇقۇش، كاللىنى

چىلىشتۇرۇش توغرا ئەمەس. الله تعالى بىلگەننى ئىنسان بىلەلمەيدۇ. الله دىن «بۇ نېمىشقا؟» دەپ سورالمايدۇ دەپ تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىز ئىنسان، ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ، الله ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىگە قارىتا بىلەرمەنلىك قىلماسلىق مۇسۇلمانلىقدۇر، مۆئمىنلىكتۇر.

## 29. سوئال: گۆر ئازابى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: كاپىرلار، مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىگە بولىدۇ، گۇناھكار مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. الله تعالى نىڭ قۇرئاندىكى:

سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ

«كاپىرلارنى ئىككى قېتىم ئازابلايمىز» (سۈرە تەۋبە 101-ئايەت) دىگەن سۆزى: كاپىرلار دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈشى ياكى مەغلۇبلۇق ئازابى بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن ئازاب قىلىمىز دىگەنلىكتۇر. گۆر ئازابى تەنگە ھەم جانغا بولىدۇ. مۆئمىنلەرگە گۆردە راھەت، نېئمەت، لەززەت بولۇشىمۇ چوقۇم راست. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: *«قەبرە جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچە بولىدۇ، ياكى دوزاخنىڭ ئوت چوقۇرلىرىدىن بىر ئوت كاتىكى بولىدۇ»* دىگەن ھەدىسى دەلىل. سۆدا ئېقىپ ئۆلگەن ياكى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن كىشىمۇ مۆئمىن بولسا راھەت- لەززەت بولىدۇ. كاپىر، مۇناپىق ياكى پاسىق بولسا ئازابتا بولىدۇ. (بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا الله

تعالى ۋەھيى قىلغان خەۋەر، شەكسىز ئىشىنىشىمىز كېرەك. دۇنياغا قىياس قىلىنمايدۇ، الله تعالى نىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان قۇدرىتى بار)

***30. سوئال: قىيامەت بولۇشى، پەرىشتىنىڭ خەلقلەرنى گۆردىن تىرىلدۈرۈپ قوپۇرۇپ، ھېساب ئېلىش ئۈچۈن سۈر تارتىشى راستمۇ؟***

جاۋاب: بىر كۈنى بۇ ئالەم چۇۋۇلۇپ ۋەيران بولۇپ، ئىككىنچى بىر ئالەم بارلىققا كېلىشى، يەنى قىيامەت بولۇشى چوقۇم راست. قىيامەت بولۇش ۋاقتىدا پەرىشتىنىڭ سۈر (كاناي) تارتىشى بىلەن ھەممە مەخلۇقلار گۆردىن چىقىپ، الله تعالى ئالدىدا بىر- بىرلەپ ھېساب بېرىپ تېگىشلىك چارە قىلىنىشى راست. الله تعالى نىڭ قۇرئاندىكى:

فَإِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ لَءَاتٍۚ

«**قىيامەت شەكسىز چوقۇم كەلگۈچىدۇر**» (سۈرە ئەنكەبۇت 5- ئايەت) دېگەن سۆزى دەلىل. يەنە:

يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَتَأۡتُونَ أَفۡوَاجٗا

«**ئۇ كۈنى سۈر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ- توپ بولۇپ كېلىسىلەر.**» (سۈرە نەبە 18- ئايەت) دېگەن سۆزى دەلىل. گۆردىن تىرىلىپ قوپۇپ چىققان خالايىقنى الله تعالى ئەللىك يەردە، ھەر بىر يەردە مىڭ يىلدىن توختىتىدۇ. الله تعالى نىڭ:

كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ

**«قىيامەت كۈنىنىڭ مىقدارى ئەللىك مىڭ يىل»** (سۈرە مەئارىج 4- ئايەت) دېگەن سۆزى دەلىل.

***31. سوئال: لەۋھى قەلەم راستمۇ؟***

جاۋاب: راست. لەۋھى بولسا: ئالەمنىڭ ئاۋۋىلىدىن ئاخىرىغىچە بار بولىدىغان، يوقىلىدىغان نەرسىلەر ۋە يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئالدىن يېزىلغان، بۇ دۇنيادا بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغان لەۋھىدۇر.

قەلەممۇ- بۇ ئالەمنىڭ ئاۋۋىلىدىن ئاخىرىغىچە بار بولىدىغان نەرسىلەرنى، ۋەقەلەرنى **الله تعالى** ئالدىن يازغان قەلەم بولۇپ، بۇ دۇنيادا ھېچ نىمىگە ئوخشىمايدۇ. بۇلار توغرىسىدا **الله تعالى**، رەسۇلۇللاھ خەۋەر قىلغان بويىچە ئىشىنىشىمىز لازىم. غايىب ئالەمدىكى نەرسىلەر بۇ ماددى ئالەمدىكى نەرسىلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەنى سۇيۇقلۇقىدىن يارىتىلغان ئاددىي مەخلۇقنىڭ **الله تعالى** قىلغان ئىشلار تەرەپتىن ئانداقمۇ؟ مۇنداقمۇ؟ دەپ سورىشى ئۆز ھەددىمىزدىن ئاشقانلىقتۇر. **الله تعالى** ۋەھيى بىلەن ياكى ئەقلىمىز بىلەن بىزگە بىلدۈرگەننى تەشەككۇر بىلەن قارشى ئېلىپ بىلىشىمىز لازىم. **الله** بىزگە بىلدۈرمىگەننى **الله** نىڭ ئۆزىگە قويۇشىمىز لازىم.

***32. سوئال: قىيامەت كۈنى ئىنسانلار گۆردىن تىرىلىپ چىقامدۇ؟***

جاۋاب: **الله تعالى** قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئۆلۈكلەرنى

گۆرده تىرىلىدۇرۇپ، ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، گۆردىن چىقىرىپ ھېساب ئالىدۇ. الله تعالى قۇرئان كەرىمدە:

مِنْهَا خَلَقْنَاكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَىٰ

«سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز.» (سۈرە تاھا 55-ئايەت) دېدى.

***33. سوئال: قىيامەت كۈنى ئىنسانلارغا نامە ئەئمالى (دۇنيادا ھەر بىر ئىنساننىڭ ياخشى- يامان ئىشلىرىنى پەرىشتىلەر يازغان دەپتەرنى) ھەر ئادەمنىڭ قولىغا بېرىلىشى راستمۇ؟***

جاۋاب: راست. پەيغەمبەرلەردىن، پەرىشتىلەردىن، گەپ سورىماي، ھېساب ئالماي جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەردىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى- يامان گەپ- سۆزلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى پەرىشتە تەرەپتىن خاتىرىلەنگەن دەپتەر قولىغا بېرىلىدۇ. نامە ئەئمال خېتى قولىغا بېرىلىشىدە ھەممە ئادەم بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلىرىگە ئالدىدىن ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ. بەزىلىرىگە سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ. بەزىلىرىگە ئارقا تەرەپتىن بېرىلىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدە شۇنداق بايان قىلىنىدۇ. الله تعالى بىزنى خېتىمىزنى ئوڭ قولى بىلەن ئالىدىغانلاردىن

قىلغاي!

**34. سوئال: قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋاقتىدا ئىنسانلارنىڭ ياخشى- يامان ئىشلىرىنى ئۆلچەش راستمۇ؟**

جاۋاب: راست. ئۆلچەمنىڭ بىر تەرىپىگە ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ خېتى، يەنە بىر تەرەپكە يامان ئىشلىرىنىڭ خېتى قويۇلىدۇ، بۇ ئۆلچەشنى بۇ دۇنيادىكى ئۆلچەشكە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. قانداقلىقىنى اللە تعالى ئۆزى بىلىدۇ. بىز رەسۇلۇللاھقا اللە دىن كەلگەن ۋەھيى خەۋىرىگە ئاساسەن ئۆلچەش بارلىقىغا ئىشىنىمىز. غەيب ئالىمى باشقا ئالەم.

خەلقلەردىن ئۇ كۈندە ئوخشاش ھېساب ئېلىنمايدۇ. بەزىلەردىن ئىنچىكىلەپ، كوچىلاپ ھېساب ئېلىنىدۇ، بۇلار ئازابقا دۇچار بولىدىغانلار. بەزىلەر ئاسان، يەڭگىل سوراق قىلىنىدىغانلار، بۇلار كەچۈرۈمگە، رەھمەتكە ئېرىشىدۇ. بەزىلىرىدىن ھېساب ئېلىنماي جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ. بەزىلىرىدىن ھېساب ئېلىنمايلا ئوتقا تاشلىنىدۇ. بۇ كۈندە بارلىق ياخشى ئىشلار، يامان ئىشلار، مەخپىي سىرلار، ياخشى- يامان ئىدىيەلەر، نىيەتلەر ئاشكارا بولىدۇ. ھەممە ئادەمگە، ھەممە ئىشقا اللە تعالى ئۆزى ھۆكۈم قىلىدۇ. زالىملاردىن زۇلۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ كىشىلەردىكى ھەققىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

پەرىشتە تەرەپتىن:

اَلْيَوْمَ تُجْزَىٰ كُلُّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ ۚ لَا ظُلْمَ اَلْيَوْمَ ۚ إِنَّ اَللَّهَ سَرِيعُ اَلْحِسَابِ

**«ھەر بىر ئادەم دۇنيادا قىلغان ئىشىغا لايىق جازا قىلىنىدۇ، بۈگۈن ناھەقچىلىق يوق، اللە ھېسابنى بەك تېز، بەك تولۇق، توغرا ئالغۇچىدۇر!»** (سۈرە غافىر 17- ئايەت) دەپ جاكارلايدۇ.

ئى **اللە!** بىزنىمۇ ھېسابسىز جەننەتكە كىرگۈزگىن. ئامىن!

***35. سوئال: دوزاخ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بارلىقى راستمۇ؟***

جاۋاب: راست. ئۇ بەك ئىنچىكە كۆۋرۈك. ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈشىمۇ راست. جەننەتكە كىرىدىغانلار ساق ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن بىر خىل ئۆتمەيدۇ. بەزىلىرى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى چاقماقتەك، بەزىلىرى شامالدەك، بەزىلىرى بولۇتتەك، بەزىلىرى ئۇچار جانىۋاردەك، بەزىلىرى يارام ئاتتەك، بەزىلىرى پىيادە ماڭغاندەك، بەزىلىرى ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ (بۇ كۆۋرۈك دۇنيادىكى كۆۋرۈككە ئوخشىمايدۇ، ئۆتۈشىمۇ بۇ دۇنيادىكى ئۆتۈشكە ئوخشىمايدۇ)، ئۆتكۈچىلەر بىر- بىرىگە تاقاشمايدۇ، پۇتلاشمايدۇ. ھازىر **اللە تعالى** نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىشنى **اللە** قا قويىمىز، بارغاندا

كۆرىمىز. ئايروپىلاننى كۈمۈتقا قىياس قىلمايمىز.

مۆئمىن دېمەك: اللە نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىگە، ھۆكۈمىگە، يولىغا ئىشەنگۈچى دېمەكتۇر. مۇسۇلمان دېمەك: ھەممىدە يالغۇز اللە قا بويسۇنغۇچى دېمەكتۇر. ئەقىل- ھەممىگە يېتەرلىك دەرىجىدە رەھبەر بولالمايدۇ.

### 36. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراجقا چىققىنى راستمۇ؟

جاۋاب: راست. رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ 10- يىلى، رەسۇلۇللاھ مەككىدە چاغدا، بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھنى جىبرىئىل پەرىشتە مەككىدىن ئېلىپ ئەقسا مەسجىدىگە ئاپارغان. بۇنى قۇرئاندا «ئىسرا» (كېچىدە ماڭدۇرۇش) دېگەن. قۇرئاننىڭ 15- پارە بېشىدا اللە تعالى:

سُبْحَٰنَ ٱلَّذِىٓ أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِۦ لَيْلًا مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْأَقْصَا ٱلَّذِى بَٰرَكْنَا حَوْلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنْ ءَايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ

«اللە (ھەرقانداق نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ

كەلدى. ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە ئىسرا 1- ئايەت) دېدى.

ئەمما مىئراج (ئاسمانلارغا ئۆرلەپ چىقىش) بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا الله تعالى ئىرادە قىلغان يەرگىچە چىقىپ، الله تعالى بىلدۈرۈشنى خالىغان ئادەملەرنى بىلىپ، مەرىپەت ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇن مەخپىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ چۈشكەنلىكىدىن ئىبارەت. مىئراج قۇرئان كەرىمدە ئاشكارا سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەدىسلەردە كۆپ سۆزلەندى. مىئراجنىڭ بولغانلىقى راست ۋە ئېنىقتۇر.

### 37. سوئال: ھەۋزى كەۋسەر راستمۇ؟

جاۋاپ: راست. كەۋسەرنىڭ سۈيى بەك ئاق، سۈزۈك، ھەسەلدىن تاتلىقراق. پۇرىقى ئىپاردىن بەك خۇشپۇراق. ھەۋزنىڭ قاچىلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ، ھەۋزنىڭ شېغىل تاشلىرى مەرۋايىت. ئۇنىڭدىن سۇ ئىچكەن كىشى ھەرگىز ئۇسسىمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلىرى بۇ ھەۋزدىن سۇ ئىچىدۇ. بۇ ھەۋز ئەرەساتتا (قىيامەت مەيدانىدا)، ئەمما كەۋسەر جەننەتتە. كەۋسەردىن ھەۋزگە (كۆلگە) ئىككى نودىن سۇ كىرىدۇ. ئەرەساتتا ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەۋزلىرى بار لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋزى ھەممىدىن چوڭ، بۇنىڭدىن سۇ ئىچكۈچىلەرمۇ كۆپ. ئى الله! بىزگە مۇشۇ كۆلدىن سۇ ئىچكۈزگىن!

**38. سوئال: جەننەت، دوزاخ راستمۇ؟**

جاۋاب: راست. الله تعالى جەننەتنى مۇتتەقى (دۇنيادا الله دىن باشقىسىنى الله قا قوشۇپ ئىتائەت قىلىشتىن ساقلانغۇچى، يالغۇز الله قا قۇل بولغۇچى، ئىسلام دىنىغا چىن يۈرىكىدىن ئىشىنىپ ئەمەل قىلغۇچى) لەرگە نېئمەت بېرىش ئۈچۈن ياراتتى. دوزاخنى- الله قا تانغۇچى، الله قا باشقىسىنى شېرىك قىلىپ ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئاسىيلىق سادىر قىلغۇچىلارنىڭ بەزىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلاش ئۈچۈن ياراتتى. جەننەت، دوزاخ يوقالمايدۇ، ئەبەدى بار تۇرىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەرمۇ، دوزاخقا كىرگەنلەرمۇ ئۆلمەيدۇ، داۋاملىق بار تۇرىدۇ. جەننەتمۇ، دوزاخمۇ ھازىر بار، بۇرۇنلا يارىتىلىپ بولغان.

**39. سوئال: جەننەتتە الله تعالى نى كۆرۈش راستمۇ؟**

جاۋاب: جەننەتكە كىرگەن مۇئمىنلەرنىڭ الله تعالى نى كۆرۈشى راست.

بۇ كۆرۈش- دۇنيادىكى كۆرۈشكە ئوخشىمايدىغان، شۇ يەرگە لايىق كۆرۈشتۇر. الله تعالى نىڭ قۇرئاندىكى خەۋىرىگە ئاساسەن ئىشىنىمىز. ئەھلى جەننەتنىڭ كۆزى بۇ دۇنيادىكى كۆزدەك مەنىدىن يارىتىلغان جىسمانىي، ئاجىز كۆز ئەمەس.

**40. سوئال: قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ شاپائەت قىلىشى (ئاسىي مۇئمىنلەرنى كەچۈرۈشنى الله تعالى دىن تىلىشى) بارمۇ؟**

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تعالى دىن ھېساب ئېلىشنى باشلىشىنى تەلەپ قىلىپ شاپائەت قىلىشى، ھەم مۆئمىن ئاسىي ئۈممىتىگە شاپائەت قىلىشى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ، شەھىد، سالىھ ئالىملارنىڭمۇ شاپائەت قىلىشى راست.

## 41. سوئال: شاپائەت دېگەن قانداق ئىش؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنى ھەممە كىشى تىرىلىپ، گۆردىن چىقىپ، مەيدانغا توپلىشىپ ھېسابسىز قىزىقلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا، قورقۇنچتا مەستەك بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ كەتكەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە الله غا يېقىن سالىھ ئالىملار الله تعالى دىن بەندىلەرنىڭ بۇ مۇشكۇلنى ئاسان قىلىشىنى تىلەپ يالۋۇرۇشى شاپائەتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) مەھشەرگاھتا ئىنسانلار تاقەتتىن تاشقىرى خاپىلىقتا ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ شاپائەت تىلەيدۇ، ئۇ قورقۇپ ئۇنىمايدۇ. ئاندىن نۇھ پەيغەمبەرمۇ ئۇنىمايدۇ. ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامىلارمۇ قورقۇپ شاپائەت قىلالماي، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قېشىغا بېرىڭلار!» دەيدۇ. ھەممە ئۈممەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

قبشىغا كىلىپ، شاپائەت تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلاپ، ئۇلۇغ اللە دىن تىلەيدۇ. بىرىنچى تەلمۈىگە رۇخسەت بېرىلگەندە: «ئى اللە! بەندىلىرىڭدىن تېز ھېساب ئېلىپ، ھۆكۈمنى بىرتەرەپ قىلساڭ!» دەپ تىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېساب سوراق باشلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىنچى شاپائىتى، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ تېزراق جەننەتكە كىرىشى، مەرتىبىلىرىنىڭ ئالى بولۇشى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ ئىككى شاپائەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يالغۇز ئۈچىنچى شاپائەت، گۇناھ تۆبەيلىدىن ئۆتقا تاشلانغان مۆئمىنلەرنى (دۇنيادا اللە نىڭ دىنىغا راست ئىشەنگەن، لېكىن بۇيرۇغان ئىشلارنى ئادا قىلىشتا ياكى مەنئى قىلغان گۇناھلاردىن ساقلىنىشتا پەرۋاسىزلىق قىلىپ، سەل قاراپ ئاسىي بولغانلارنى) دوزاخدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شاپائەت قىلىش (اللە دىن تىلەش) بولۇپ، بۇ شاپائەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە پەيغەمبەر ئىز باسارى بولغان ئالىملار، شەھىدلەر، اللە قا يېقىن بولغان سالىھلارمۇ قىلىدۇ. اللە تعالى بۇلارنىڭ شاپائىتىنى شاپائەتكە لايىق بولالىغان ئاسىي مۆئمىنلەرگە قىلىشقا ئۆزى خالىسا رۇخسەت قىلىدۇ. اللە تعالى ئۆزى رەھىم - شەپقەت قىلىش بىلەن بىر بۆلۈك ئاسىي مۆئمىنلەرنى شاپائەتسىز ئوتدىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

**42. سوئال: جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى بالدۇر كىم ئاچىدۇ؟**

جاۋاب: جەننەتنىڭ ئىشىكىنى بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاچىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ مۆئمىن ئۈممەتلىرى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆئمىن ئۈممەتلىرىدىن بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ.

**43. سوئال: ئەھلۇللاھ (الله تعالى نىڭ يېقىن بەندىلىرى) نىڭ كارامىتى راستمۇ؟**

جاۋاب: راست. (كارامەت- الله تعالى بەزى بەندىلىرىنى ھۆرمەتلەپ بەرگەن خىسلەت دېمەكتۇر)

تەۋھىدنى خالىس قىلىپ (يەنى دۇنيا ھاياتىدا الله دىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماي، الله نىڭ دىنى، قانۇن شەرىئىتىدىن باشقىسىغا بويسۇنماي) قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ كۆرسەتكىنىگە توغرا ئەمەل قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كامىل ئەگىشىپ، ئىسلامى ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇپ، ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بويىچە قىلىپ، بىدئەتدىن (دىنغا كېيىن پەيدا قىلىنغان غەيرى چۈشەنچە، غەيرى ئىشلار) ئۆزۈل- كېسىل ساقلىنىپ، ئۆزىنى الله قىلا قاراتقان مۆئمىنلەردىن سادىر بولغان بەزى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار كارامەتدۇر. كارامەت بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ياخشى ئۈممەتلىرىدە كۆرۈلگەندەك، رەسۇلۇللاھ ئۈممەتلىرىنىڭ ئىمانى پاكىز، تەۋھىدى خالىس، ياخشى

تەقۋادارلاردىمۇ كۆپ كۆرۈلدى ۋە كۆرۈلىدۇ.

ئەمما پاسىق، بۇزۇق ئەقىدىلىك ئادەملەردە كۆرۈلگەن ئادەتتىن باشقىچە ئىشلار بولسا، ئىستىدراج، يەنى الله تعالى نىڭ ئۇلارنى جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇشىغا يول قويۇشى، دوزاختا ئەبەدى ئازابلىنىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىشى بولۇپ، مۇنداق شەيتانلارغا ئالدىنىشتىن ھوشيار تۇرۇش كېرەك.

**44. سوئال: ۋەلىدىن تەكلىپ ۋە ئىبادەت ساقىت بولامدۇ؟**

جاۋاب: ۋەلى پەيغەمبەر بىلەن مەرتىۋىدە تەڭ-باراۋەر بولالمىغاندەك، ۋەلىدىن ئىبادەتلەر ۋە شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش مەسئۇللۇقى ئەمەلدىن قالمايدۇ. «ۋەلى ئەۋلىيا ھەقىقەتكە يەتكەندە ئۇنىڭدىن ئىبادەت ساقىت بولىدۇ» دېگەن سۆز ئازغۇن بۇزۇقلارنىڭ ئويدۇرما سۆزلىرىدۇر. ۋەلىدىن ئەمەس ھەتتاكى، پەيغەمبەرلەردىن ئىبادەت ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش تەكلىپى كۆتۈرۈلمەيدۇ. دېمەك: الله تعالى نىڭ قۇلى بولغان ئىنسانىنىڭ مەرتىۋىسى الله تعالى ئالدىدا ھەر قانچە يۇقىرى بولسۇن، مۇرسەل پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى الله قا يېقىنلاشقان ۋەلى بولسۇن ئۇنىڭدىن ئىسلام قانۇنى بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى ئەمەلدىن قالمايدۇ.

**45. سوئال: پەيغەمبەر بىر-بىرىدىن مەرتىۋىدە**

**پەرقلىنەمدۇ؟**

جاۋاب: پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرى بەزىلىرىدىن ئەۋزەلدۇر.

الله تعالى قۇرئاندا: «**پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن بەزىسىنى ئەۋزەل قىلدۇق**» دېدى. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەۋزەلراقىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا راست ئىشىنىپ، ھەقىقىي ئەگەشكەن مۆئمىن مۇسۇلمانلار ھەممە ئۈممەتتىن ئەۋزەلدۇر.

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ

«**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان الله قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.**» (سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەت) دېگەن ئايەت دەلىل.

46. سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆئمىن ئۈممەتلىرىنىڭ ئەۋزىلى كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ ئەۋزىلى- ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئاندىن ئوسمان، ئاندىن ئەلىلاردۇر. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ئاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ دەپ خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشى، يۇقارقى تۆتىدىن باشقا ئالتە

كىشى. ئۇلار: تەلھە، زۇبەير، سەئد، سەئىد، ئابدۇرەھمان، ئۇبەيدەلەر. ئاندىن كېيىن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان 313 كىشى، ئاندىن ھۇدەيبىيەدە رىزۋان بەيئىتى بەرگەنلار. ئاندىن قالغان ھەممە ساھابىلەر. ئاندىن تابىئىين (ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرى)، ئاندىن تۆت ئىمام: ئەبۇ ھەنىيفە (ئىمام ئەزەم)، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەر. مۆئمىن مۇسۇلمان خاتۇنلىرىنىڭ ئەۋزىلى: خەدىچە كۇبرا، ئاندىن ئائىشە ۋە باشقىلار.

***47. سوئال: پاسىقنىڭ (ئىمانى بار، لېكىن ئەمەل قىلىشى كەم ئادەمنىڭ) ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشقا (ئىقتىدا قىلىشقا) بولامدۇ؟***

جاۋاب: كاپىر ئەمەس، مۇناپىق ئەمەس، مۆئمىن بولۇپ، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشى يېتەرسىز پاسىققا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ، لېكىن قىرائىتى توغرا بولسا، نامازنى سۈننەتكە مۇۋاپىق ئوقۇشنى بىلگۈدەك ئىلمى بولسا بولىدۇ. ئىمانى يوق مولline ياكى قىرائىتى يوق ساۋاتسىز ئادەمگە ئىقتىدا قىلغىلى بولمايدۇ.

***48. سوئال: ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش رۇخسەتمۇ؟***

جاۋاب: رۇخسەت. جائىز، رۇخسەت دەپ ئىشىنىش لازىم.

# 2- بۆلۈم

## سۈننەت (ئىسلامنىڭ ئەقىدە يولى) بايانى

بسم الله الرحمن الرحيم

## ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ

## ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مىسىرلىق ئىمام تەھاۋى ئېيتىدۇكى: بۇ تۈۋەندىكىلەر ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەتنىڭ ئەقىدىسىنى بايان قىلىش بولۇپ، مۆئمىن مۇسۇلمانلار كەسكىن ئىشىنىپ ئەقىدە قىلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرى ۋە ھەممە ئالەمنىڭ ئىگىسى **الله تعالى** غا ئۇنىڭ بىلەن باش ئىگىدىغان ئەمەلىي ئىشلار كۆرسىتىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرىدىن باشلاپ، ئىسلام ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن مۇجتەھىدلەر، مۇسۇلمانلار رەھبەرلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن تۈپ ئەقىدىلەر ۋە قىلغان ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. ھەر قانداق كىشى مۇشۇ ئەسەردە سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنى ئوبدان بىلىپ، چۈشىنىپ ئېتىقاد قىلسا ئىسلام ئەقىدىسى تەرەپتىن باشقا قۇشۇمچىگە مۇھتاج بولمايدۇ.

بۇ ئەسەردە يېزىلغان مەسىلىلەر ئىسلام ئەقىدىسى

توغرىسىدا يېزىلغان ھەممە ئەسەر ۋە كىتابلاردىن بەك توغرا ۋە تولۇق بولغانلىقىدىن ئالاھىدە ئېتىبارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز اللە تعالى نى زاتىدا، سۈپەتتە، قىلىدىغان ئىشلىرىدا ھەممە كىشىنىڭ باش ئەگىپ ئىتائەت قىلىشىغا ھەقلىق ئىكەنلىكىتە، اللە تعالى يالغۇز، مىسلىسىز، تەڭداشسىز دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىزدا ئىشىنىپ ئىقرار قىلىمىزكى: اللە تعالى بار، بىزنىڭ ئىتائەت قىلىشىمىزغا اللە يالغۇز ھەقلىق، شېرىكى يوق، ئوخشىشى يوق، اللە تعالى نى ھېچ نىمە ئاجىز قىلالمايدۇ، اللە دىن باشقا باش ئەگىلگۈچى يوق، ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق. اللە تعالى ئەزەلدىن بار ئىدى، داۋاملىق بار تۇرىدۇ، يوقالمايدۇ. اللە تعالى ئىرادە قىلغان ئىشلار بار بولىدۇ. اللە تعالى خالىمىغان ئىش ۋە نەرسە بار بولمايدۇ. اللە تعالى نىڭ بارلىقى، ئالەم خەلقىنى ئۆزى يالغۇز ياراتقانلىقى، ئۆزى يالغۇز باشقۇرۇدىغانلىقى، اللە ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرتىپلىك ھەرىكىتىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، اللە نىڭ زاتى قانداقلىقى توغرىسىدا ئىنساننىڭ ماددى كۆز بىلەن كۆرۈشى، يېتەرسىز خىيالىي پىكرى، ئاجىز تەسەۋۋۇرى بىلەن ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، نۇرغۇن ھەقىقەتلەر بار، ماھىيەتلەر بار، پەقەت بىز اللە تعالى نى ئۇنىڭ ئەسىرىدىن،

مەخلۇقلىرىدىن بىلىمىز.

اللە تعالى ئىنسانغا ياكى باشقا بىر مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ. اللە تعالى ئۆلمەيدۇ، ئۇخلىمايدۇ، مەخلۇقلىرىدىن بىرەر سىكونت خەۋەرسىز بولمايدۇ. ئاسمان زېمىندىكى پۈتۈن چوڭ- كىچىك مەخلۇقلىرىنى ئۆزى باشقۇرغۇچى. بىر نەرسىنى يوقتىن بار قىلىشنى خالىسا ۋاقىتقا، سايمانغا، خام ماتېرىيالغا، ياردەمگە ھاجىتى چۈشمەي، «ۋۇجۇدقا كەل!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ياراتقۇچى، پۈتۈن مەخلۇقلىرىغا جاپاسىز رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرۈشنى خالىغان مەخلۇقىنى قورقماي ئۆلتۈرگۈچى، ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئۆلۈكلەرنى ئاسان تىرىلدۈرگۈچى.

اللە تعالى ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنمۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگۈچى ئىدى. مەخلۇقلارنى ياراتقاندىن كېيىن بىرەر سۈپەت قوشۇلۇپ قالمىدى. اللە تعالى ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە رەسۇلۇللاھ اللە تعالى نى سۈپەتلىگەن بارلىق سۈپەتلىرىنى ئۆز ئەينى اللە قا ئىسپاتلىشىمىز، باشقا مەنالارغا ئۆزگەرتمەسلىكىمىز، ھەقىقىي مەنىسىنى اللە تعالى نىڭ ئۆزىنىڭ بىلىشىگە قالدۇرۇشىمىز لازىم. اللە تعالى نىڭ سۈپەتلىرىگە قارىتا ئۆز ھەددىمىزدە بولۇپ، قۇرئان ھەدىستىكى سۈپەتلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ، اللە ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، سۈپەتلىرى اللە ئۆزى بىلگەن مەنا بىلەن ھەممىسى بار دەپ ئەقىدە قىلىشىمىز بولسا،

ئەسھابى كىراملارنىڭ، ئۆلىما ـ ئىماملىرىمىزنىڭ ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولىدۇ.

**اللە تعالى** نىڭ سۈپەتلىرى ئەزەلدىن بار بولغاندەك ئەبەدى بار مەسىلەن: **اللە تعالى** «ياراتقۇچى» دېگەن سۈپەتكە مەخلۇقلارنى ياراتقاندىن كېيىن ئىگە بولمىدى. «يوقنى پەيدا قىلغۇچى» دېگەن سۈپەتكە شەيئىلەرنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن ئىگە بولمىدى (بۇ سۈپەتلەر ئەزەلدىن بار ئىدى). بېقىلغۇچى، تەربىيىلەپ باشقۇرۇلغۇچى مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنمۇ **اللە تعالى** نىڭ «رب» (باشقۇرغۇچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى) دېگەن سۈپىتى بار ئىدى. **اللە تعالى** ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن بۇرۇنمۇ، «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى» دېگەن سۈپەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى **اللە تعالى** ھەر نەرسىگە ۋە ھەر ئىشقا قۇدرەتلىك. ھەممە مەخلۇق **اللە تعالى** غا مۇھتاج، ھەممە ئىش **اللە** قا ئاسان، **اللە تعالى** ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس. ھېچكىم **اللە** قا ئوخشىمايدۇ، **اللە** ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. **اللە تعالى** ھەممە ئاۋازنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىنى كۆرگۈچى، مەخلۇقلارنى ئۆز ئىلمى بىلەن ياراتتى، ھەممە نەرسىگە ئۆلچەم، قارار بېكىتتى. ھەممە نەرسىگە ئەجەل قارار توختاتتى. مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىنى، بارلىق ھالەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنمۇ بىلەتتى. ئىنسانلارنى **اللە** قا

قوْل بولۇشقا، الله قا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. الله قا ئاسىي بولۇشتىن، الله تىن باشقىسىغا قوْل بولۇشتىن توستى.

ئالەمدە ھەر قانداق ئىش الله نىڭ قۇدرىتى ۋە خالىشى بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلار الله تعالى خالىغان ئىشنى خالاپ ئىجرا قىلىدۇ. الله خالىغان ئىش بولىدۇ. خالىمىغان ئىش بولمايدۇ. الله ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئىلتىپات قىلىپ كۇفرىدىن، گۇناھتىن، بالا- قازادىن ساقلايدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. خالىغان بەندىسىنى ئېزىشقا، گۇناھ قىلىشقا تاشلاپ قويىدۇ، ياردەم قىلمايدۇ، بالا- مېھنەتكە ئۇچرىتىپ سىنايدۇ.

ھەممە كىشىلەر الله تعالى نىڭ ئىلتىپات قىلىپ ئاسرىشى بىلەن، ئۆز ئىختىيارىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت ئادالىتى ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. الله نىڭ ھۆكمىنى رەت قىلالىغۇچى يوق. بىرەر ئىشتا الله قا غالىب كەلگۈچى يوق. يۇقارقى ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن قەلبىمىزدىن راست دەپ ئىشىنىمىز. ھەممە ئىش، ھەممە نەرسە الله تعالى تەرەپتىن دەپ جەزم قىلىمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام الله تعالى ئۆزىگە ئەلچى قىلىشقا تاللىغان قۇلى، مۇبارەك پەيغەمبىرى، الله رازى بولغان ئەلچى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، الله دىن قورقىدىغان

بەندىلەرنىڭ رەھبىرى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسراقى، ئەۋزەلراقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئىسلام قانۇنى بولغان قۇرئان ئۆزگەرتىلمەيدۇ، داۋاملىق كۈچكە ئىگە دەپ جەزمەن ئىشىنىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھەر كىم مەن پەيغەمبەر دەپ چىقسا، ئۇ يالغانچى، ئازغۇچى، ئازدۇرغۇچىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا پەيغەمبەر بولغاندەك، جىنلارغىمۇ پەيغەمبەر بولغان، جىنلاردىن بىر بۆلۈكىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان ئاڭلاپ ئىسلامغا ئىشەنگەن. مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى دۇنيا خەلقىگە ھەممىسىگە يەتكۈزۈشكە، ھەممە يەردە ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەئيى ھەرىكەت قىلىشقا مەسئۇل.

قۇرئان الله تعالى نىڭ سۆزى. ھازىرقى ئىبارەت بىلەن، الله نىڭ ئۆزىگە لايىق سۆز بىلەن سۆزلەنگەن، قۇرئاننى الله تعالى ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلدى (جىبرىئىل ئارقىلىق ئۆگەتتى). ئىسلام دىنىغا چىن ئىشەنگۈچىلەر بۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدۇ، قۇرئان راستىنلا الله نىڭ سۆزى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئويلاپ سۆزلىمىگەن، الله تىن باشقىسىدىن ئۆگەنمىگەن) دەپ جەزمەن ئىشىنىدۇ. قۇرئان ئىنسانلار سۆزىدەك مەخلۇق ئەمەس، الله نىڭ قەدىم سۆزى. قۇرئاننى ئىنسان سۆزى دەپ گۇمان

قىلغۇچى كاپىردۇر. ئۇنداق دىگۇچىگە الله تعالى دوزاخ ئازابى تەييار قىلىپ قويغانلىقىنى قۇرئاندا خەۋەر قىلدى. قۇرئان ئىنسان سۆزىگە ئوخشىمايدۇ (1400 يىل داۋامىدا ھىچكىم قۇرئاننىڭ بىرەر ئايىتىگە ئوخشىتىپ سۆزلىيەلمىدى)، كېيىنمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ.

الله تعالى نى ئىنساننىڭ بىرەر سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىگۈچى كاپىردۇر. بۇنى ئويلاپ كۆرگەن كىشى ئىبرەت ئېلىپ قۇرئانغا قارىتا كاپىردەك سۆز قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. الله ئۆزى مەخلۇقفا ئوخشىمىغاندەك، الله تعالى نىڭ سۈپىتىمۇ مەخلۇق سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ دەپ ئەقىدە قىلىدۇ.

جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ جەننەتتە الله تعالى نى كۆرۈشى راستتۇر. الله تعالى قۇرئاندا: «جەننەت ئەھلىنىڭ يۈزلىرى پارقىراق، گۈزەل، ئۇلار ئۆز ئىگىسى الله غا قارىغۇچىلاردۇر» دېدى. جەننەتتىكىلەرنىڭ الله تعالى نى كۆرۈشى الله تعالى ئىرادە قىلغان مەنا بىلەن، الله ئۆزى بىلىدىغان تەرزدە، ئاخىرەتكە لايىق كۆرۈش بولۇپ، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم. ئانداقمۇ، مۇنداقمۇ دەپ، دۇنيادىكى كۆرۈشلەرگە ئوخشىتىپ ئويلاشقا بولمايدۇ. جەننەتتىكىلەرنىڭ الله تعالى نى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگەنلىرىمۇ ھەممىسى راست دەپ ئىشىنىمىز، «قانداق شەكىلدە كۆرىدۇ؟» دەپ سورىمايمىز. چۈنكى ئاخىرەت ئالىمىدىكى ئىشلار، بۇ

ماددى دۇنيا ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ. تەخمىنەن قىلغان تەسەۋۋۇر ئۇدۇل چىقمايدۇ. غەيب خەۋەرلەر توغرىسىدا اﷲ تعالى نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەرلىرىگە تەسلىم بولۇپ ئىشەنگەن، ئەمەلىي ئەھۋالنى اﷲ نىڭ بىلىشىگە تاپشۇرغان كىشىنىڭ دىنى، ئىمانى ساق تۇرىدۇ. غەيب ئىشلار توغرىسىدا اﷲ نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىگە تەسلىم بولۇپ ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ يېتەرسىز پىكرى خىيالىغا بېرىلىپ، ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلاپ تەئۋىل قىلغان (باشقا مەناغا ئۆزگەرتكەن) كىشىنىڭ ئېتىقادى ئورناشماي، ئىمان بىلەن كۇفرى ئارىسىدا تەۋرىنىپ، چىن ئىشەنگۈچىمۇ ئەمەس، كاپىر (ئىنكار قىلغۇچىمۇ) ئەمەس، ئارىلىقىدا قالغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

اﷲ تعالى قۇرئاندا: «(سەن ئىنسان) ماھىيىتىنى، تېگىنى ئېنىق بىلمىگەن نەرسىگە ئەگەشمە!» دېدى. شۇڭا ئاخىرەت خەۋەرلىرى، غايىب ئالەم خەۋەرلىرى توغرىسىدا قارىغۇلارچە خىيال قىلغانلارغا ئەگەشمەي، شۇ خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلىي ماھىيىتىنى بىلىدىغان اﷲ نىڭ خەۋىرىگە (قۇرئان، ھەدىس خەۋىرىگە) ئەينەن ئىشىنىشىمىز، ئەقلىمىزگە ئۇدۇللايمىز دەپ قىيغىر كەتكۈزمەي تەسلىم بولۇپ، اﷲ نىڭ بىلىشىگە تاپشۇرۇشىمىز لازىم.

دىنى ئوقۇغۇچىلار علم كلام كىتابلىرىنىڭ پەلسەپىلىرىگە ئالدىنىپ، ئەقىدىدە قايمۇقۇپ يۈرمەي،

سەلەفنىڭ (ئەسھابىلار، تابىئىينلارنىڭ) تەسلىم ئىنتىياد ئەقىدىسىگە ئەگىشىپ، **الله تعالى** نىڭ سۈپەتلىرى ۋە غەيبىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئۆز ئەينىگە ئىشىنىپ، ماھىيىتىنى **الله** بىلگەن مەناغا قالدۇرۇپ، ئاجىزلىقلىرىمىزغا ئىقرار قىلىپ، ئەقىدىدە ئىبغىش پەيدا قىلماسلىقىمىز كېرەك.

مىئراج راستتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى بىر كېچىدە مەككىدىن بەيتۇل مۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىلغىنى «أسراء» دۇر. قۇرئاندا سۆزلەنگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شۇ كېچىدە بەيتۇل مۇقەددەستىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان مىئراجدۇر. رەسۇلۇللاھنى ئويغاق ھالىتىدە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغىنى، يەتتە ئاسماندىن ئۈستۈن يەرلەرگىچە كۆتۈرۈلۈپ، **الله تعالى** ئۆزى خالىغان ياخشىلىق، ئىنئام، ھۆرمەت ۋە كۆپ مەرىپەتلەردىن خەۋەردار قىلىشتەك ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، بىر بۆلۈك مەلۇماتلارنى ۋەھيى قىلغانلىقى راستتۇر.

**الله تعالى** رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۈممىتىنىڭ دەردىگە يېتىش ئۈچۈن قىيامەت مەيدانىدا ھەۋز (كۆل سۈيى) بېرىشى چوقۇم راستتۇر.

ھەۋز بىلەن كەۋسەر توغرىسىدا 30 دەك ساھابە رەسۇلۇللاھدىن ھەدىس رىۋايەت قىلدى. دېمەك: قىيامەت كۈنىدە ھەۋز بىلەن كەۋسەرنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. ھەۋز قىيامەت مەيدانىدا بولۇپ، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا راست ئۈممەت (قوشۇنىغا ئەزا) بولغان كىشىلەر ئەرەساتدا ھەۋزدىن سۇ ئىچىدۇ، ھېساب بېرىش ئىشلىرى تۈگەپ، دوزاخ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكدىن ساق ئۆتۈپ جەننەتكە كىرگۈچە ئۇسسىمايدۇ. ئەمما كەۋسەر بولسا جەننەتتە. كەۋسەر- رەسۇلۇللاھقا جەننەتتە بېرىلگەن ئۆستەڭ سۈيى. قىيامەت مەيدانىدا رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن ھەۋز (كۆل) گە جەننەتتىكى كەۋسەردىن ئىككى نودىن سۇ كىلىپ تورىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا راست ئەگەشكەن، ئىسلام شەرىئەت قانۇنىغا توغرا ئەمەل قىلغانلار ھەۋزدىن سۇ ئىچىدۇ. ئىسلام ئىشلىرىنى باشقا يوللارغا، ئادەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ بىدئەت (يېڭى ئىش) پەيدا قىلىپ، دىنغا باشقىسىنى ئارىلاشتۇرغانلار ھەۋزدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى «بۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم» دەپ سۇ ئىچۈرمەكچى بولسىمۇ، الله تەرەپتىن: «بۇلار سىنىڭ يولۇڭغا يات ئىشلارنى پەيدا قىلغانلار، سەن بىلمەيسەن!» دەپ جاۋاب كېلىدۇ بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر متواتر (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىگىنى چوقۇم راست) دۇر روھى مۇقەددەس پاك بولغان رەسۇلۇللاھ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن بۇ دۇنيادا بولغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولىدىغان تۇرسا، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەۋلىيا- ماشايىخلارنىڭ روھلىرى بۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قانداق خەۋەردار بولىدۇ؟ غەيبنى الله تعالى دىن باشقا ھېچكىم

بىلمەيدۇ.

«ھەر ئەۋلىيا كامىل بولۇر، ياد ئەيلىسە ھازىر بولۇر» دەيدىغان يالغان ئەپسانە، شەيتانى سۆزگە ئالدىنىپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلار تەۋھىددىن ئازماقتا، اللە تىن باشقىسىدىن غايىب مەنپەئەت كۈتۈپ اللە تىن يىراقلاشماقتا.

قۇرئان كەرىمدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ھەققىدە ئايەت بار.

قىيامەت مەيدانىدا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىدىن كىچىكراق كۆللىرى بولىدۇ، پەيغەمبەرگە ۋارىس بولغانلار ئىچىدۇ.

قىيامەت كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىشى راستتۇر رەسۇلۇللاھنىڭ قىيامەت كۈنى قىلىدىغان شاپائىتى بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ:

1) ئومۇمى خەلققە قىلىدىغان شاپائەت. دېمەك: ھەممە ئادەم قەبرىدىن تىرىلىپ چىقىپ، ئەرەسات مەيدانىغا توپلانغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت ئۇسسۇزلۇق ۋە قورقۇنچتا ھوشسىزلانغاندەك بولۇپ، ھېچكىم ھېچكىمگە قارىماي ئېغىر جاپادا تۇرغاندىن كېيىن ئاستا- ئاستا ھوشىغا كېلىپ، اللە تعالى بىزدىن ھېساب

ئېلىپ بىر تەرەپ قىلغان بولسا ئىكەن دېگەننى ئويلىشىپ، ئۆزلىرى بۇنى الله تعالی دىن تەلەپ قىلىشقا قورقۇپ، كۆپ كىشى ئادەم ئەلەيهىسسالام قېشىغا بېرىپ، الله تعالی نىڭ ھېساب ئېلىش، ھۆكۈم قىلىش ئىشىنى باشلىشىنى تىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم ئەلەيهىسسالام قورقۇپ ئۇنىماي، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ئەلەيهىسسالاملارغا بىر- بىرلەپ ئىلتىجا قىلىدۇ، ئۇلارمۇ قورقۇپ جۈرئەت قىلالمايدۇ. كۆپچىلىك ئىنسانلار مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامدىن شاپائەت (يەنى الله تعالی دىن ھېساب ئېلىش، چارە- ھۆكۈم قىلىشنى باشلىشىنى تىلەپ بېرىشنى) تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالاممۇ قورقۇپ الله تعالی غا گەپ قىلالماي بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلايدۇ. الله تعالی: «ئۇ مۇھەممەد! تەلىۋىڭنى سۆزلە، قوبۇل قىلىمەن» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ پۈتۈن خەلقتىن سوراق- ھېساب ئېلىپ، جەننەتكە تېگىشلىكلەرنى جەننەتكە، دوزاخقا تېگىشلىكلەرنى دوزاخقا ھۆكۈم قىلىشنى باشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. الله تعالی ئىجابەت قىلىپ، ھېساب ئېلىش، ھۆكۈم قىلىشنى باشلايدۇ. بۇ چوڭ شاپائەت دېيىلىدۇ، بۇ شاپائەت مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا يالغۇز

2) ياخشى ئىشلىرى بىلەن خاتالىقلىرى تەڭ باراۋەر كېلىپ قالغانلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلىشى.

3) مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولغان سەۋەبتىن ئوتقا تاشلانغانلارنى دوزاختىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلەپ شاپائەت قىلىشى.

4) ئىمانى بار، ياخشى ئەمەلى يوق بولۇپ، دوزاختا ئۇزۇن كۆيۈشكە تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىشى.

5) چوڭ جىنايەتلەر سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرگەن مۆئمىنلەرنى دوزاختىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزۈشنى تىلەپ شاپائەت قىلىشى. بۇ شاپائەتلەر ھەممىسى راست. تەۋاتىر (قەتئىي راست) ھەدىسلەر بىلەن سابىتتۇر.

ئەمما بەزى كىشىلەر خىيال قىلغاندەك **الله تعالى** ئەپۇ قىلىشنى خالىمايدىغان ئىنسانغىمۇ شاپائەت قىلغۇچى **الله تعالى** نى تەڭلىككە سېلىپ، يۈزىنى تەڭلەپ تۇرۇپ شاپائىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇش يوق. **الله تعالى** مۇتلەق ئىختىيارى بىلەن شاپائەتكە تېگىشلىك ۋە لايىق بولغان بەندىسى ئۈچۈن ئۆزى خالىسا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا رەت قىلىدۇ. شاپائەت قىلغۇچىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىنغۇچى گۇناھكار ئىنساننىڭ دۇنيادىن ئىمان بىلەن (ئىسلام دىنىغا چىن ئىشىنىش بىلەن) كەتكەن بولۇشى ھەم **الله تعالى** شاپائەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىغان بولۇشى شەرت. شۇڭا ئاخىرەتتە ئوتتىن ساقلىنىش ئۈمىدىمىزنى شاپائەتكە باغلىماي، دۇنيادا ئىمان تەۋھىدىمىزنى كامىل

قىلىپ، الله قا ئىخلاس بىلەن بويسۇنۇپ، بۇيرۇغانىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىپ، توسقاندىن يېنىش بىلەن ئۈمىدىمىزنى الله نىڭ ئەپۇ ۋە رەھمىتىگە قارىتىشىمىز لازىم.

الله تعالى نىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئەۋلادىدىن ئەھدى ئالغىنى راستتۇر. الله تعالى ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن ئادەمنىڭ قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىدىغان پۈتۈن ئەۋلادىنى نەسەمە (قارا ئاق چىكىت) سۈرىتىدە ھازىر قىلىپ، دۇنيا ھاياتىدا الله نى ئېتىراپ قىلىپ، الله قا قۇل بولۇپ ئىتائەت قىلىشقا ئەھدى ئالغانلىقى راست. كېيىن دۇنياغا كېلىپ ياشىغاندا الله نى تونۇمىغان، ئاسىيلىق قىلغانلار رۇزى مىساق (ئەھدى بەرگەن كۈن) دىكى ئەھدىسىدە تۇرمىغانلاردۇر.

الله تعالى ئەزەلدىن جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭمۇ، دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭمۇ سانىنى بىر پۈتۈن بىلەتتى. چۈنكى دۇنيادا ياشاش داۋامىدا الله نىڭ دىنىغا ئىشىنىپ ئىتائەت قىلىدىغانلارنى، ئىشەنمەيدىغان، ئىتائەت قىلمايدىغانلارنى الله تعالى بۇرۇن بىلەتتى. الله تعالى ئالدىن بىلگەن ئەھلى جەننەتنىڭ ۋە ئەھلى دوزاخنىڭ سانى كەم- زىيادە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، دۇنيادا ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلاردىن كىمنىڭ قانداق تونۇش، قانداق سۆز، ھەرىكەت قىلىپ ئۆتۈشىنى الله تعالى ئەزەلدىن بىلەتتى.

ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشى الله ئەزەلدىن بىلگىنىگە ئۇدۇل سادىر بولىدۇ. الله تعالى كىمنى قەيەر ئۈچۈن ياراتقان بولسا، شۇ كىشىگە شۇ يەرنىڭ شارائىتى ئاسان بولىدۇ. ئىنساننىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىدىن بەكراق ئۆلۈمدىن بۇرۇنراق قىلغان ئىشلىرى ۋە تونۇشلىرى مۇتەبەر بولىدۇ. سائادەتمەن (جەننەتى) بولىدىغان كىشىمۇ، شەقى (دوزىخى) بولىدىغان كىشىمۇ الله تعالى ئەزەلدىن بىلگىنى ۋە ھۆكۈم قىلغىنى بويىچە بولىدۇ.

قازا (الله نىڭ ھۆكمى) قەدەر (بۇرۇن قىلغان قارار توختامى) بولۇپ، ئالەمدە ھەممە ئىش قازا ۋە قەدەر بويىچە بولىدۇ. بۇ ھەرگىز ئىنساننى مەجبۇرى جەننەتى ياكى دوزىخى قىلىش ئەمەس. الله تعالى كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلگەنلىكتىن، ئالدىن ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشى ھۆكۈم قىلىشىدۇر.

كاپىرلارنىڭ، جىنايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز جىنايىتىنى قەدەرگە ئارتىپ قويۇش ھەققى يوق.

قازا ۋە قەدەر الله تعالى ئۆزى بىلىدىغان بىر مەخپىي سىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرمۇ، ۋەلىمۇ خەۋەردار بولالمايدۇ. قازا ۋە قەدەر توغرىسىدا ئىنسان يېتەرسىز ئەقلى بىلەن كۆپ ئويلىنىشى، توقۇنۇش پەيدا قىلىشى توغرا ئەمەس، خەتەرلىكتۇر. بىزنى الله ياراتتى، الله باشقۇرىدۇ، قانداق قىلسا قىلىش ھوقۇقى بار. ھەممە ئىش

قەدەر بويىچە بولۇشقا ئىشىنىشىمىز ھەم اللە نىڭ دىنىغا ئىشىنىپ اللە نىڭ قانۇن- شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغانلار جەننەتكە كىرىشكە، دىنغا ئىشەنمىگەن، ئاسىيلىق قىلغانلار ئوت ئازابىغا دۇچار قىلىنىشىغا ئىشىنىشىمىز ھەر ئىككىسى اللە نىڭ بۇيرۇقى. بۇ ئىككىنى بىر- بىرىگە زىتلەشتۇرمەي، اللە تعالى ئىشىنىشكە بۇيرۇغانغا ئىشىنىش، ئىشلەشكە بۇيرۇغاننى ئىشلەش قۇللۇق ۋەزىپىمىز، ئىنسانلىق بۇرچىمىز. اللە نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇشىمىز قۇللۇق مەسئۇلىيىتىمىز. اللە ھېچكىمگە قەتئىي زۇلۇم قىلمايدۇ، قىلغان ياخشىلىقىمىزنى بىكار قىلمايدۇ. ياخشىلىقىمىزغا چوقۇم ئەجرى بېرىدۇ، خاتالىقىمىزنى خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ دەپ ئىشىنىپ، قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتىنى اللە بىلىدۇ دەپ جىم تۇرۇپ باش ئىگىشىمىز لازىم. قازا ۋە قەدەر توغرىسىدا تالاش- تارتىشنى كۆپ قىلغان ئادەم ئاخىرى ئېزىپ ئىماننى ساقلىيالمايدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ مەنئىي قىلغان.

ئاسمان- زېمىندا ھەر قانداق نەرسە اللە تعالى بار قىلغاندا بار بولىدۇ. اللە تعالى ھەممە نەرسىنى بەك ياخشى، تولۇق، پايدىلىق ياراتتى. ئىنسانلارغا نىسبەتەن بەزى نەرسە چىرايلىق، بەزى نەرسە سەتدەك كۆرۈنۈشى

ئىنسان ماھىيىتىنى بىلەلمەسلىكىدىندۇر.

**اللە تعالى** ئىبراھىمنى دوست تۇتتى. مۇساغا سۆز قىلدى، بۇنىڭغا چوقۇم راست دەپ ئىشىنىمىز.

**اللە تعالى** نىڭ پەرىشتىلىرى بارلىقىغا، ھەر قايسىسىنىڭ **اللە تعالى** بۇيرۇغان ۋەزىپىسى بارلىقىغا ئىشىنىمىز.

**اللە تعالى** ئىنسانلار تارىخى دەۋرىدە بىر بۆلۈك ئىنسانلارنى مەخسۇس يېتىشتۇرۇپ ئۆزىگە ئەلچى (**اللە** بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ۋاستە) قىلىپ پەيغەمبەر قىلغىنىنى راست دەپ ئىشىنىمىز. ھەم شۇ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلار، تەلىمات ۋاراقلىرى، ۋەھىيلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمىز. ھەممە پەيغەمبەرلەر ھەق ئۈستىدە، ھەممىسى **اللە** نىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ئىشىنىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **اللە تعالى** تەرەپتىن بىزگە يەتكۈزگەن ۋەھيى (قۇرئان، ھەدىس) خەۋەرلىرىگە، تەلىماتلىرىغا ئىقرار قىلىپ، راست دەپ ئىشەنگەن كىشىنى مۆئمىن دەيمىز. **اللە تعالى** ئۆزى بىزگە كۆرسىتىشكە بىز لايىق بولمىغاچ، ۋۇجۇدىمىز تاقەت قىلالمايدىغان بولغاچ **اللە** نى بۇ دۇنيادا كۆرەلمىگەنلىكىمىزدىن «**اللە** قانداقراقكى؟» دەپ ئويلاپ كېتىش، ئۇنداق ياكى مۇنداق خىيال قىلىش توغرا

ئەمەس. پەقەت اللە بار، شېرىكى يوق، تەڭدىشى يوق، ئوخشىشى يوق، ھەممە سۈپەتلىرى بار دەپ ئىشىنىشىمىز كېرەك. اللە بىلدۈرمىگەن غايىب نەرسىلەر ئۈستىدە خىيالىمىز، گۇمانىمىز توختىتالماسلىق، ئويلانماسلىق، ۋەھيى خەۋىرىگە ئىشىنىش كېرەك.

اللە تعالى دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەنلىكى ئېنىق بولغان ۋەھيى بىلەن خەۋەر قىلىنغان دىن ئىشلىرىنى ئەقلىمىزگە، زامانىمىزغا ئۇدۇللايمەن دەپ ئۆزگەرتمەيمىز، تاكاللاشمايمىز. قۇرئان اللە تعالى نىڭ قەدىم سۆزى، جىبرىئىل پەرىشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 23 يىل ئىچىدە پارچە- پارچە ئېلىپ چۈشكەن. ئايەتلەرنىڭ ھازىرقى تەرتىۋىنى كاتىپلارغا رەسۇلۇللاھ ئۆزى (ۋەھيىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) كۆرسىتىپ بەرگەن. قۇرئان ھېچكىمنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ، ھېچكىم قۇرئاننىڭ بىرەر سۈرىسىگىمۇ ئوخشىتىپ سۆزلىيەلمەيدۇ دەپ ئىشىنىمىز. قۇرئاننى مەخلۇق دېمەيمىز، اللە نىڭ كالامى دەيمىز. ئىسلام دىنىمىزنىڭ توغرا يولىدا مېڭىپ، دىنىنى قوغداشقا بىرلەشكەن مۆئمىنلەردىن ئايرىلمايمىز.

بىزنىڭ قىبلىمىزگە قاراپ ئىبادەت قىلىدىغان، يەنى ئىسلام دىنىغا راست ئىشىنىدىغان مۇسۇلماننى، گۇناھ سادىر قىلغىنى ئۈچۈن كاپىر دېمەيمىز. گۇناھنى خاتالىق ئەمەس دەپ تونۇپ قىلماي، گۇناھ دەپ تونۇپ

قورقۇپ تۇرۇپ، الله دىن ئەپۇ ئۈمىد قىلىپ ياكى غەپلەت بىسىپ سادىر قىلغۇچىنى كاپىر دېمەيمىز. ئەمما گۇناھنى كۆزگە ئىلمەي، قىيامەت كۈنىدىكى ئازابقا ئىشەنمەي بىپەرۋا ھالدا قىلىدىغان ئادەم الله نىڭ قۇرئاندىكى خەۋىرىگە ئىشەنمىگەچكە كاپىر بولىدۇ.

ئىمانى بار ئادەمگە گۇناھ زىيان كەلتۈرمەيدۇ دېمەيمىز. الله ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى الله ئەپۇ قىلىۋىتىشىنى دەپ ئۈمىد قىلىمىز. مۇسۇلمان ئادەم ھەر قانچە سالىھ، تەقۋادار (يارامىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، گۇناھدىن ساقلىنىدىغان) بولسىمۇ، الله نىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولمايمىز. بۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلمايمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھكارلىرى ئۈچۈن الله تعالى دىن مەغفىرەت (كەچۈرۈم) تەلەپ قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇشىدىن قورقىمىز. ھەم ئۇلارنى الله نىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەيمىز. بەندىلەرگە قانداق ھۆكۈم قىلىشتا مۇتلەق ئىختىيار الله تعالى دا. ئەمەل- ئىبادەتنى كۆپ قىلغانغا مەغرۇر بولۇپ الله نىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولۇش، گۇناھنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ الله نىڭ رەھىم قىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈش ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرىدىكى يولى ئەمەس، ئىككى ياقىدىكى يول بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەق، توغرا يول بۇ ئىككى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول. يەنى

ھەم قورقۇش، ھەم ئۈمىد قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدۇر.

بىلىش كېرەككى، الله تعالى بۇيرۇغان ئىشلارنى رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يول بويىچە ئادا قىلىپ، ئۇنىڭغا ساۋاب ئۈمىد قىلىش، گۇناھنىڭ گۇناھلىقىنى بىلمەي قىلىپ سالغاندىن كېيىن، گۇناھلىقىنى بىلگەن ھامان يېنىپ، پۇشايمان قىلىپ، تەكرار سادىر قىلماس بولۇپ، تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، الله تعالى دىن كەچۈرۈم ئۈمىد قىلىش توغرا ئۈمىد بولىدۇ. ئەمما گۇناھنى كۆزگە ئىلماي، قورقماي، تەكرار سادىر قىلىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم ئۈمىد قىلىش مەغرۇرلۇق (ئۆزىنى ئالدىغانلىق) دۇر.

ئىمان (دىنغا ئىشىنىش) بولسا: الله تعالى رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق بىزنى ئىشىنىشكە بۇيرۇغان ھەقىقەتلەرگە چىن يۈرەك بىلەن ئىشىنىش، ھەم تىل بىلەن ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت بولغىنى ئۈچۈن، ئىشىنىدىغان ھەقىقەتلەردىن بىرەرسىگە ئىشەنمەس بولمىغان ياكى ئىقرار قىلماس بولمىغان ئادەمنى مۆئمىن قاتارىدىن چىقىرىۋەتمەيمىز. يەنى دىندا گۇناھ ھېسابلانغان ئىشنى گۇناھ دەپ تونۇپ تۇرۇپ الله دىن قورقماي تۇرۇپ، ئەپۇ ئۈمىدى بىلەن گۇناھ قىلغۇچىنى كاپىر دېمەيمىز.

الله تعالى پەرز قىلغان ئەمەللەرنىڭ بەزىسىنى ئادا قىلىپ، بەزىسىنى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئادا قىلماي، بەزى گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، بەزى گۇناھلىرىنى

نەپسىنى ياندۇرالماي قىلىپ، ئارقىسىدىن اللە دىن قورقۇپ پۇشايمان قىلىپ، ئارىسالدى بولۇپ قالغان، يۈرىكىدە اللە نىڭ ئەمرىگە ھۆرمەت قىلىش، گۇناھتىن قورقۇش بولغان، لېكىن ئىشىنى جايىدا قىمايدىغان ئادەمنى دىنسىز دېمەيمىز، كاپىر دېمەيمىز. پاسىق، ئاسىي دەيمىز دېگەن سۆز ئىمام ئەزەمدىن تارتىپ دوكتۇر قەرزاۋىغىچە بولغان ھەقىقەت ئىزدىگۈچى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، مۇشۇ توغرا.

اللە تعالى قۇرئاندا سۆزلىگەن ئېتىقادلار، ھۆكۈملار، تارىخى ۋەقەلەر، غايىب ئالەمدىن بەرگەن خەۋەرلەر ھەممىسى راست، توغرا.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىپ، بىزگە يەتكۈزۈلگەن راست ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئەقىدىلەر، ھۆكۈملەر، قانۇن- شەرىئەتلەر، خەۋەرلەر ھەممىسى راست، توغرا دەپ تونۇيمىز، ئىشىنىمىز، ئەمەل قىلىمىز.

ئىمان بىر. يەنى: ئىشىنىدىغىنىمىز، ئەمەل قىلىدىغىنىمىز پەقەت ئىسلام شەرىئىتى. بويسۇنىدىغىنىمىز، تەزىم قىلىدىغىنىمىز، ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز، قورقىدىغىنىمىز پەقەت يالغۇز اللە تعالى.

پەيغەمبەر اللە نىڭ ئەلچىسى، اللە نىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگۈچى ۋاستە بولغىنى ئۈچۈن پەيغەمبەرگە قەتئىي

ئەگمشمىز، بويسۇنىمىز.

كىم بولۇشى، كىمنىڭ بۇيرۇقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، الله نىڭ، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇدۇل بولمىغان بۇيرۇقلارغا، كىشىلەرگە رازىلىق بىلەن بويسۇنمايمىز. ئەگەر الله نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ دىنىغا، قانۇنىغا، شەرىئىتىگە خىلاپ ئەقىدىلەرنى، خىلاپ ئىشلارنى ئىختىيارى ھالدا قوبۇل قىلساق، الله تعالى غا قوشۇپ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلغان (بويسۇنغان) بولىمىز.

الله تەرەپتىن، رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن سۆزلەنگەن ئادەملەر سۆزلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئىنىقلاش ھەققىمىز بار، الله ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى راست بىلىنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنىمىز، توكۇر دەلىل چىقارمايمىز.

ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچىلەر- ئىشىنىدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىشتە باراۋەر، كەم- زىيادە ئەمەس. ئەمما ئىشەنگەنگە ئەمەل قىلىشتا، توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىشتا باراۋەر ئەمەس. ئەمەل قىلىش، ساقلىنىش تولۇق بولغانلار الله تعالى ئالدىدا ھۆرمەتلىك. ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدە ئىشەنگەن مۆئمىنلەر الله تعالى نىڭ دوستلىرى، يېقىنلىرى.

مۆئمىنلەر چىن يۈرىكىدە ئىشىنىغان ھەقىقەتلەر بولسا:

1. الله تعالى ئەزەلدىن بار، ئەبەدى بار قۇرئان، ھەدىستە سۆزلەنگەن پۈتۈن سۈپەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى راست، ئىنسانلار ۋە بارلىق مەخلۇقلارنىڭ باش ئېگىشىگە، ئاجىزلىق بىلەن بويسۇنۇشىغا ياLغۇز الله تعالى ھەقلىق. الله تعالى غا قوشۇپ باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشقا (بويسۇنۇشقا) بولمايدۇ دەپ ئىشىنىش.

2. الله تعالى نىڭ پەرىشتىلىرى بارلىقى، ئۇلار الله قا ئاسىي بولمايدىغان، بەك ئىتائەتلىك ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

3. الله تعالى بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب چۈشۈرگەن، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان بۇ كىتابلارنىڭ مەشھۇرلىرى. تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىللار دىن ساتقۇچى خائىنلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن، بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، الله تعالى مۇھەممەد ئەلەيھىسساLامغا قۇرئاننى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ كىتابلارغا ئەمەل قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئەمما ئۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىسى الله تعالى دىن چۈشكەن كىتابلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە بۇيرۇلدۇق.

قۇرئاننى الله تعالى ئۆزى ئاسرايدىغان بولۇپ، ئىنسان ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا بىر ھەرپ قوشۇشقا، ياكى بىر ھەرپ ئازايتىشقا، ئالماشتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان، ھەممە زامان، ھەر قانداق شارائىتقا مۇناسىپ كېلىدىغان

مۇئجىز (ئاجىز قىلغۇچى كۈچ) قىلىپ چۈشۈرگەنلىكتىن، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار قۇرئانغا ئىشىنىشكە، ھەم قۇرئانغا ئەمەل قىلىشقا الله تەرەپتىن بۇيرۇلغان.

مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك بەختىمىز قۇرئانغا ئىشىنىپ، ئەمەل قىلىشتا. ئەقىدىدە، سۆزىمىزدە، ئىشىمىزدا قۇرئانغا خىلاپلىق قىلماسلىقتا.

4. الله تعالى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگۈچە نۇرغۇن كىشىلەرنى پەيغەمبەر (ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ۋاستە، ئەلچى) قىلغانلىقىغا ئىشىنىش.

25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ۋە بەزى ۋەقەلىرى قۇرئاندا سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇلارغا ئايرىم- ئايرىم ئىشىنىمىز، قۇرئاندا، ھەدىستە ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن نۇرغۇنلارنىڭ تارىختا ئۆتكىنىگە قۇرئاننىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن ئىشىنىمىز. يەنى: الله تعالى ئۆتمۈش تارىختا قايسى مىللەتكە، قايسى يۇرتقا كىمنى پەيغەمبەر قىلغان بولسا، ھەممىسى راست پەيغەمبەر دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشىنىش لازىم.

5. بىر كۈنى بۇ يەر شارى ۋەيران بولۇپ، الله تعالى ئاخىرەت ئالىمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ھەممە ئۆلۈكلەر تىرىلىپ چىقىدۇ. الله تعالى ھېساب ئېلىپ تىگىشلىك چارە قىلىدۇ. ئىشەنگۈچىلەر جەننەتكە، كاپىرلار،

مۇناپىقلار دوزاخقا ئەبەدى ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ ئىشىنىش.

6. ئالەمدە بولىدىغان ياخشى- يامان ھادىسىلەر، كائىناتنىڭ ھەرىكەتلىرى، ئىنتىزاملىرى، ھەممە ئىش اللە تعالى نىڭ قەدەرى (پەيدا قىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئالدىن قارارلاشتۇرۇشى) بويىچە بولۇشىغا ئىشىنىش.

بىز مۆئمىنلەر يۇقارقى ئالتە ھەقىقەتكە چىن يۈرىكىمىزدە راست دەپ ئىشىنىمىز. بۇ ئالتىنىڭ بىرەرسىگە ئىشەنمىگەن ئادەم دىنغا ئىشەنگۈچى ئەمەس. بۇ ئالتىگە ئىشىنىشتە ھەممە كىشى ئوخشاش. ئەمما ئىشىنىشنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقىدا ۋە دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشتا ئوخشاشمايدۇ.

تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ئىشەنمەي قالمايمىز. بىرەر پەيغەمبەرگە ياكى اللە چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ بىرەرسىگە ئىشەنمەسلىك اللە تعالى نى يالغانچى دىگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ باشقا ئىشىنىشلىرى بىكار بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان يۇقارقى ئالتە ھەقىقەتكە ئىشەنگەن، اللە دىن باشقا ئىبادەت (ئىتائەت) قىلىنغۇچى يوقلىقىغا ئىشەنگەن تۇرۇپ، غەپلەت بىسىپ، سەل قاراپ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان، تەۋبە قىلمىغان (گۇناھتىن قول يىغمىغان) تۇپەيلىدىن دوزاخقا

تاشلانغانلار ئوت ئازابىدا داۋاملىق قالمايدۇ. ھېساب ئېلىنغاندىن كېيىن الله تعالى خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا ۋاقىتلىق ئوتقا سالىدۇ. كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۆزى بىۋاستە كەچۈرىدۇ، ياكى شاپائەت قىلغۇچى (كەچۈرۈم تىلىگۈچى) لەرنىڭ تىلىشى بىلەن الله خالىسا كەچۈرىدۇ. بۇنى الله تعالى قۇرئاندا خەۋەر قىلغان.

ئى الله! ئى ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ ئىگىسى!

بىزنى سەن بىلەن قىيامەت كۈنى كۆرۈشكەنگە قەدەر ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرغۇزغىن. ئۆزەڭدىن ئۆزگىگە باش ئەگدۈرمىگىن! يا رب العلمين

ئىمانى كۈچلۈك، ئەمەل- ئىبادەتنى ئوبدان قىلىدىغان سالىھ كىشىگىمۇ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز. ئىمانى ساق، مۇناپىق ئەمەس، لېكىن بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلىدىغان مۇئمىن ئادەمگىمۇ ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز. سالىھ، ياخشى بولسۇن، گۇناھكار بولسۇن، ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدە ئىشەنگەن بويىچە ۋاپات قىلغان كىشىگىمۇ مېيىت نامىزى ئوقۇيمىز. ئۆز مىللىتىمىزدىن بولسىمۇ دىنسىز ئادەمگە مېيىت نامىزى ئوقۇشقا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا قۇرئاندا ئايەت بار.

ھەر قانچە ئىبادەتچى يارام كىشىگىمۇ «بۇ كىشى جەننەتتى» دەپ ھۆكۈم قىلمايمىز. ئىمانى بار، پاسىق

گۇناھكارمۇ «بۇ كىشى دوزىخى» دەپ ھۆكۈم قىلمايمىز. ئاقىۋەتنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەسرارىنى الله ئۆزى بىلىدۇ دەپ الله قا تاپشۇرىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمىدە ئۇلۇم كەلمىگەن ئادەمنى ھەر قانداق بانا۔ سەۋەب بىلەن ئۆلتۈرۈشنى راۋا كۆرمەيمىز.

مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغالمايمىز. ئىسلام قانۇنى ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلمان ھۆكۈمەتكە، ئەمەلدارغا زۇلۇم قىلىسىمۇ ئىسيان كۆتۈرمەيمىز. ئۇلارنى قاغاپ دۇئا قىلمايمىز. ئىتائەتتىن باش تارتمايمىز. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ ئىشقا بۇيرۇمىغان شەرت بىلەن ئۇلارغا بويسۇنۇش ۋاجىب دەپ قارايمىز. ئىسلامغا خىلاپ سىياسەتلەر، بۇيرۇقلارغا كىم بۇيرۇغان بولسۇن، ئىختىيارى بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. ئۇنى مەئبۇد قىلغان بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ يولغا قويغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز. ئىسلام ئۇچۇن ئۇيۇشقان جامائەتتىن ئايرىلمايمىز. ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ باشقا گورۇھ تۈپلىمايمىز.

ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان، توغرا ئىش قىلىدىغان ئادىل مۇسۇلمانلارنى، دىنغا، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلمايدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنى دوست تۇتىمىز. خائىن، زالىملارنى ئۆچ كۆرىمىز. گۇمانلىق ئىشلارنى الله بىلىدۇ دەپ الله قا

تاپشۇرىمىز.

تاھارەت ئالغاندا مەسھى قىلىشقا بولىدىغان ئاياغلارغا مەسھى قىلىشنى توغرا دەپ قارايمىز. سەپەردىمۇ، يۇرتتىمۇ مەسھى قىلىشقا رۇخسەت بار. چۈنكى ئاياغقا مەسھى قىلىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۇچۇق ئىسپاتلانغان ئىش.

ھەج قىلىش، جىھاد قىلىش دائىم كۈچكە ئىگە بولغان پەرز. ھەج بىلەن جىھادغا باشلاپ ماڭغۇچى رەھبەر ياخشى، سالىھ مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى ناچارراق مۇسۇلمان بولسۇن، بويسۇنۇپ، توپتىن ئايرىلماي بېرىش لازىم.

ئىنسانلارنىڭ ياخشى- يامان سۆزلىرىنى، ئىشلىرىنى شۇ چاغدا دەپتەرگە يازىدىغان، ھەر بىر ئادەمگە مەسئۇل پەرىشتە بارلىقىغا ئىشىنىمىز. **الله تعالى** بىزلەرنى ساقلاشقا پەرىشتىلەرنى مەسئۇل قىلدى دەپ ئىشىنىمىز.

ھەممە تىرىكلەرنىڭ جانلىرىنى، ۋاقتى كەلگەندە ئېلىشقا مەسئۇل قىلىنغان پەرىشتە بارلىقىغا ئىشىنىمىز.

قەبرىگە ئىككى پەرىشتە كىرىپ، قەبرىدىكى ئادەمدىن «سېنى ياراتقان ئىگەڭ كىم؟ سەن قايسى دىنغا ئىشەنگەن؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دەپ سورىشىنىڭ چوقۇم راستلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇ توغرىدا رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەن ھەدىسلىرى بەك ئېنىق، راست. شۇڭا بۇ توغرىدا شەك قىلمايمىز.

بىلىش كېرەككى: بۇ دۇنيادىكى بەش سىزىم ئەزا بىلەن بىلىدىغان نەرسىلەرنى سىزىم ئەزا بىلەن كۆرىمىز، بىلىمىز. ئەقلىمىز بىلەن ئويلاپ بىلىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئەقلىمىز بىلەن بىلىمىز. سىزىم ئەزا بىلەنمۇ، ئەقىل بىلەنمۇ بىلەلمەيدىغان، الله ئۆزى بىلىدىغان، بىزدىن غايىب ھەقىقەتلەرمۇ كۆپ، ئۇنى الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەھيى قىلىشى، پەيغەمبەرنىڭ بىزگە يەتكۈزۈشى بىلەن بىلىمىز ۋە ئىشىنىمىز. بىزنىڭ دىنغا ئىشەنگىنىمىزنىڭ پەرقى شۇ يەردە. قەبرىدىكى ئەھۋاللارمۇ غەيىب ئىشلاردىن بولۇپ، ۋەھيىنىڭ (قۇرئان، ھەدىسنىڭ) خەۋىرىگە ئاساسەن ئىشىنىمىز. ئاخىرەت ئىشلىرىنى، قەبرىدىكى ئىشلارنى بۇ دۇنيا ئىشلىرىغا قىياس قىلىپ، ئەقلىمىزنى قايمۇقتۇرۇش توغرا ئەمەس. ئىنسانىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى چەكلىك، بەك ئاز. قۇرئانىنىڭ بېشىدا الله تعالى: «دىنغا ئىشەنگۈچى، شېرىكدىن ساقلانغۇچىلارنىڭ بىر شەرتى غەيبگە ئىشىنىش» دېگەن.

«ياخشى ئىش قىلغۇچى مۆئمىنلەرگە قەبرە باغچا بولىدۇ، كاپىر مۇناپىقلارغا قەبرە ئوت كاتىكى بولىدۇ» دېگەن رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىمىز.

قەبرىدە راھەتمۇ، ئازابمۇ ئاساسەن روھقا بولىدۇ،

بەدەنگىمۇ تەسىرى بولىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى جەننەت راھىتى، دوزاخ ئازابى بەدەن بىلەن روھقا بىرلىكتە بولىدۇ.

يەر شارى ۋەيران قىلىنىپ، ئاخىرەت بارلىققا كەلگەن كۈنى پۈتۈن ئۆلۈكلەر تىرىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلار توپا ئاستىدىن چىقىپ، قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىپ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى- يامان ئىشلىرىدىن الله تعالى ئالدىدا ھېساب بېرىشى، قىلغان ئىشلىرى يېزىلغان دەپتەرنى ھەر كىم ئۆزى ئوقۇپ ئىقرار قىلىشى، ياخشى- يامان چارە ھۆكۈم قىلىنىشى، يەنى مۆئمىن- ياخشىلار جەننەتكە، ئاسىيلار ئوتقا ھۆكۈم قىلىنىشى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى- يامان ئىشلىرى ئۆلچەپ كۆرۈلۈپ تېگىشلىك چارە قوللىنىلىشى راست دەپ ئىشىنىمىز. دوزاخ ئۈستىگە تارتىلغان كۆۋرۈكتىن ھەممە ئادەم ئۆتۈشى، دوزىخىلارنىڭ كۆۋرۈكتىن يىقىلىپ ئوتقا چۈشۈپ كىتىشى، جەننىتىلەر كۆۋرۈكتىن ساق ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىشى راست دەپ ئىشىنىمىز.

جەننەتمۇ، دوزاخمۇ ئەبەدى بار تۇرىدۇ. جەننىتىلەرمۇ، دوزىخىلارمۇ ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

الله تعالى جەننەتنى، دوزاخنى ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن ياراتقان، الله جەننەتكە لايىقلارنى، دوزاخقا لايىقلارنى ئەزەلدىن ئالدىن بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ سانىنى

مۇقىملاشتۇرغان. جەننەتكە لايىق تاپقان قۇللىرىنى ئىلتىپات- مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دوزاخقا لايىقلارنى ئادالىتى بىلەن ئوتقا تاشلايدۇ. ئىنسانلارغا كېلىدىغان ياخشىلىق- يامانلىقلار **الله تعالى** ئەزەلدىن بىلىپ قارارلاشتۇرغان قەدەر بويىچە كېلىدۇ. ھەر ئادەم **الله تعالى** ئەزەلدىن بىلىپ قارارلاشتۇرغان بويىچە ئىشلەيدۇ. ۋە شۇ ئىش ئۇ كىشىگە ئۇدۇل كېلىپ قالىدۇ، شارائىتى ھازىرلىنىپ قالىدۇ، بۇ مەزمۇندا راست ھەدىس بار.

قەدەر بولسا: **الله** بىلىدىغان، ئىنسان تولۇق چۈشىنىشكە ئاجىز كېلىدىغان سىر بولغاچقا، ۋەھيى خەۋىرىگە ئاساسەن ئىشىنىمىز، تولا كوچىلىمايمىز.

ئىنسانغا **الله تعالى** كۈچ- قۇۋۋەت، قابىلىيەت بەرمىگەن، شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن ئىشنى ئىنسان قىلالمايدۇ. **الله** ياردەم قىلمىسا ئىنسان گۇناھتىن ساقلىنالمايدۇ. **الله** كۈچ- قۇۋۋەت بەرمىسە ئىنسان **الله** قا ئىبادەت قىلالمايدۇ. **الله** شارائىت يارىتىپ بەرمىسە، ئىنسان توغرا يولدا تەۋرەنمەي تۇرالمايدۇ. ھەممە ئىش **الله** نىڭ خالىشى، ھۆكۈم قىلىشى، بىلىشى بويىچە بولىدۇ. **الله** نىڭ خالىشى ھەممە خالاشلارنى باسىدۇ. **الله تعالى** نىڭ ھۆكمى پۈتۈن ئامال- چارىلەرنى يېڭىدۇ. **الله** ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىغان ھالدا ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ. **الله** نىڭ قىلغان ئىشىدىن سوئال سورالمايدۇ. **الله** ئۆز

بەندىلىرىدىن سوراق سورايدۇ. ھېساب ئالىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

تىرىك كىشىلەرنىڭ ۋاپات بولغانلار ھەققىدە قىلغان دۇئالىرى ۋە سەدىقىلىرىنىڭ ئۆلگەن مۇسۇلمانغا پايدىسى بار. دېمەك: الله تعالى دۇئانى، سەدىقىنى قوبۇل قىلسا، ئۆلۈكلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ؛ ياكى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەمما ئۆلۈك ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇسا، نەپلى ناماز ئوقۇسا، نەپلى روزا تۇتسا، ساۋابى ئۆلۈككە بولامدۇ- بولمامدۇ؟ دېگەن توغرىدا ئىمام ئەئزەم قاتارلىق كۆپ ساندىكى ئالىملار پايدىسى بار دەپ قارايدۇ. مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، قەبرىستاندا قۇرئان ئوقۇشنى ئىمام ئەئزەم ۋە ئىمام مالىك قاتارلىقلار مەكرۇھ، ھەم بىدئەت، ئۆيدە، مەسجىددە ئوقۇسا بولىدۇ دەيدۇ. ئەجرى بېرىپ قۇرئان ئوقۇتۇش خاتا.

قۇرئان ئوقۇپ بېرىپ، دۇئا تەلەپ قىلىپ بېرىپ، ئەجرى ئېلىش ھالال ئەمەس. ئىلىم ئۆگەتكەن ئۈچۈن ئەجرى ئېلىشنى كېيىنكى زامان ئالىملىرى رۇخسەت دەيدۇ، سەلەف (ھىجرىيە ئۈچ ئەسىر ئالىملىرى) ياخشى كۆرمەيدۇ.

الله تعالى دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدۇ. ھاجەتلەرنى ئادا قىلىدۇ. پۈتۈن ئالەمگە، ھەممە نەرسىگە الله ئۆزى

ئىگە. الله نىڭ ئىگىلىكىدىن، ھوقۇقىدىن ھېچ نەرسىگە باشقا بىر كىم ئىگە بولالمايدۇ. ھېچكىم كۆز يۇمۇپ ئاچقان مىقداردا الله تعالى دىن بىھاجەت بولالمايدۇ. يەنى ئىنسانمۇ، باشقا مەخلۇقمۇ ئۆزىنىڭ بار بولۇشىدا، ياشاپ تۇرۇشىدا، بەلكى ھەر قانداق چوڭ- كىچىك ئىشىدا الله تعالى غا داۋاملىق مۇھتاج. ھەر كىم «مېنىڭ ھاجىتىم يوق» دەپ تونۇسا، ئۇ ئادەم الله قا ئىشەنمىگەن دىنسىز بولىدۇ، الله تعالى نىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

الله تعالى رازى بولىدىغان كىشىلەردىن، ئىشلاردىن رازى بولىدۇ. ئىنساننىڭ رازى بولغىنىغا ئوخشىمايدۇ. الله بەزى كىشىلەرگە، بەزى ئىشلارغا غەزەبلىنىدۇ، ئىنساننىڭ غەزەبلىنىشىگە ئوخشىمايدۇ، الله نىڭ ئۆزىگە لايىق رازىلىق ۋە غەزەبتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئەسھابىلارنى چىن يۈرەك مۇھەببىتى بىلەن دوست تۇتىمىز. لېكىن بىرەرسىنى دوست تۇتۇشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەيمىز. بىرەرسىنى يامان كۆرمەيمىز.

شىئەلەر ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دوست تۇتۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇپ، مۇئاۋىيەگە يامان قارىدى (ھەر ئىككىسى ساھابە). راپىزىلار، خاۋارىجلار ئەبۇبەكرى ۋە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا يامان قاراپ «بۇ ئىككىسىدىن بىزار بولمىغان ئادەم رەسۇلۇللاھ ئەۋلادىنى دوست تۇتقان بولمايدۇ» دەپ قارىدى، ئەمما بىزلەر

(سۈننەت ۋە جامائەت ئەھلى) ھېچقايسى ساھابىنى يامان كۆرمەيمىز، ھەممىنى ئىسلام قىرىنداشلىقى بىلەن دوست تۇتىمىز، ئۇلارنىڭ پەرقىنى اللە قا تاپشۇرىمىز.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىر مەزگىل ئىتتىپاق، بىر گەۋدىدەك تۇرغان بولسىمۇ، يەھۇدىلاردىن، مەجۇسىلاردىن بىر بۆلۈك دۈشمەنلەر يامان غەرەز بىلەن يالغاندىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئارىلىشىپ بۆلگۈنچىلىك سالدى. اللە تعالی خالىغانلار توغرا يولدا ساقلاپ قالدى، خالىغانلار ئېزىپ كەتتى.

بىز ئەسھابىلەرگە ئۈچ بولغانلارغا ئۈچ. ئەسھابىلەرنىڭ ياخشىلىقىنىلا سۆزلەيمىز. ئۇلارنى دوست تۇتۇش ئىماننىڭ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلىش كاپىرلىقنىڭ، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى، چېكىدىن ئاشقان جىنايەتتۇر.

رەسۇلۇللاھدىن كېيىن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا خەلىپە بولۇش (ئومۇمى رەھبەر بولۇش) ئاۋۋال ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ھەققى دەپ تونۇيمىز. چۈنكى ئۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇشتا، رەسۇلۇللاھقا تولۇق ئەگىشىشتە، ياردەملىشىشتە، ئىلىمدە، سىياسىي قابىلىيەتتە ئالاھىدە بولغاچقا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك قارارى بىلەن خەلىپە بولدى. ئاندىن ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم)لارمۇ، ئۆزىنىڭ ئىماندا كۈچلۈك، دىنىنى جان كۆيدۈرۈپ قوغدايدىغان، ئىلىملىك،

جاسارەتلىك، ھەممە تەرەپتىن باش رەھبەرلىككە لايىق بولغاچقا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلىپە بولغان. بۇ تۆت كىشىنى راشىد (توغرا يولغا باشلىغۇچى) خەلىپىلەر دەپ تونۇيمىز.

بۇ تۆت خەلىپىنىڭ قايسى بىرى ھەققىدە ھاقارەت، تەنە، بۆھتان قىلغانلار ئىسلام دۈشمەنلىرى، ياكى دۈشمەنگە سېتىلغان خائىنلار.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلەردىن 10 كىشىنى «بۇلار جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ خەۋەر قىلغان، گۇۋاھلىق بەرگەن، بۇ خەۋەر راست. ئۇلار: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير، سەئىد، سەئىد، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھلاردۇر. بۇلارنىڭ چوقۇم جەننەتكە كىرىشىگە ئىشىنىمىز.

رەسۇلۇللاھنىڭ: «مېنىڭ يولۇمغا ۋە مېنىڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلىرىمگە ئەگىشىشنى چىڭ تۇتۇڭلار!» دېگىنى مەزكۇر تۆت خەلىپىدۇر. يۇقارقى ئون كىشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنچلىك رەھبەرلىرى.

بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەر، رىزۋان بەيئىتى بەرگەن ساھابىلەرنىڭ جەننەتتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى، راست ھەدىس. ساھابىلەرگە ئەگىشىش دېمەك: دىننى شۇلار چۈشەنگەندەك چۈشىنىش، شۇلاردەك

ئىش- ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر. ئەسھابۇل بەدرى ئوقۇپ مەدەت تىلەش ئەمەس.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابىلىرى، خاتۇنلىرى، ئەۋلادلىرى توغرىسىدا ياخشى گەپ قىلىدىغان، سۆيىدىغان، ئەمەلدە ئەگىشىدىغانلار ياخشى كىشىلەردۇر، مۇناپىق ئەمەستۇر.

ئەۋلىيانى پەيغەمبەردىن ئەۋزەل دەپ قارىمايمىز. بەلكى نەبى پەيغەمبەردىن بىرسى پۈتۈن ئەۋلىيادىن ئەۋزەل دەيمىز. ئەمما، يالغۇز الله تعالى غا باش ئەگىدىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا بىدئەت قوشماي تولۇق ئەمەل قىلىدىغان خالىس مۆئمىننىڭ ھەممىسى «كەشپىيات- كارامەت كۆرۈنمىسىمۇ» ۋەلى، ئەۋلىيا بولىدۇ. الله تعالى ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، بەزەنلىرىدىن ئادەتتىن تاشقىرى بەزى ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. بۇ كارامەت (الله نىڭ ھۆرمەتلىشى) دېيىلىدۇ.

دەججالنىڭ (راستنى يالغان دەيدىغان، يالغاننى راست دەيدىغان ئىبزىتقۇلارنىڭ) چىقىپ تۇرۇشى راست.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى، يەئجۇج- مەئجۇجنىڭ چىقىشى، كۈننىڭ غەرب تەرەپتىن (ئارقىسىغا يېنىپ) چىقىشى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرمۇ راست. لېكىن بۇ ھەدىسلەر خەۋىرى واحد (رەسۇلۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىشتا بىردىن- بىردىن ئادەم ۋاستىسى

بىلەن رىۋايەت قىلىنغان) بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ سۆزلىمىگەن بولۇشىنىڭ ئاز گۇمانى بولغاچقا، ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان سۆزلىرى بار. بەزى ئالىملار «بۇ ھادىسىلەر ئەقىدە قىلىش دەرىجىسىدە ئەمەس (يەنى بۇنىڭغا ئىشەنمىگۈچى كاپىر بولمايدۇ)» دېيىشىدۇ.

جىنكەشىنىڭ، پالچىنىڭ، قىياپەتچىنىڭ سۆزلىرىگە قەتئىي ئىشەنمەيمىز. قۇرئان، ھەدىسقا، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلەشمە قارارلىرىغا ئۇدۇل كەلمەيدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆزىگە، ئالىم، ئابىد، ئۇلۇغ، مۇيسىپىت بولسىمۇ، ئىشەنمەيمىز.

دىنغا توغرا ئېتىقاد قىلىدىغان، توغرا ئەمەل قىلىدىغان، دىنىنى، شەرىئەتنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلار بىلەن بىر جامائە ئۇيۇشما بولۇش ھەق، توغرا دەپ قارايمىز. مۇنداق بىرلەشمىدىن بۆلۈنۈش خاتالىق ۋە ئازابقا، خارلىققا، ئاجىزلىققا سەۋەب دەپ قارايمىز.

ئاسمان- زېمىندا اللە نىڭ دىنى بىر، ئۇ بولسا ئىسلام.

ئىسلام دىنى- باشقا دىنلاردەك، بەزى ئەقىدىلەرنى، ئىشلارنى چېكىدىن ئاشۇرغۇچىمۇ ئەمەس، كەم قويغۇچىمۇ ئەمەس. داغدام چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ. اللە تعالى نى ھېچقانداق تەرەپتىن بىرەر

مەخلۇققا ئوخشىتىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. الله نىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا يول قويمايدۇ. ئىنسانلار ھەممە ئىشىدا مەجبۇر دەپ قارىمايدۇ. ئىنسانلار ھەر قانداق ئىشىدا مۇتلەق ئىختىيار دەپمۇ قارىمايدۇ. قازا ۋە قەدەرنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئىنسان ھېچ ئىشىدا مەسئۇل ئەمەس دەپ قارىمايدۇ. پۈتۈن ئىش الله نىڭ خالىشى، قارارى، ئىرادىسى بىلەن بولۇش بىلەن بىللە، الله بەزى ئىشلاردا ئىنسانغا ئىختىيار بەرگەن، شۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنسان جازا ياكى مۇكاپاتقا تېگىشلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مۆئمىنلەرنى الله تعالى نىڭ ئەپۇ ۋە رەھىم قىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك بىلەن بىللە الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ پەخەس بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا: «مەن گۇناھنى كۆپ قىلدىم دەپ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك. مەن ئىبادەتنى كۆپ قىلدىم دەپ ياكى پالانى ئۆلۈغنىڭ ئەۋلادىمەن، پالانى شەھىد مېنى قوللايدۇ، مەن سەييىد ئەۋلادىمەن دەپ الله نىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولۇشقا بولمايدۇ. مەن الله نىڭ قولى، الله مېنى قانداق قىلسا قىلىش ھەققى بار. الله قا بويسۇنۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. مېنى كەچۈرۈش، جەننەتكە كىرگۈزۈش الله نىڭ مۇتلەق ئىلتىپاتى» دەپ قاراش كېرەك.

بىزنىڭ دىنىمىز مۇشۇ.

يۇقارقى بايانلارغا، قارشى قاراشتا، ھەرىكەتتە بولغانلار بىزگە دىن قېرىنداش ئەمەس.

الله تعالى دىن ئىمانىمىزدا تەۋرەنمەي تۇرغۇزۇشنى، ئىمان بىلەن ئاخىرەتكە ئېلىپ كېتىشنى، ھەر قانداق خاتا قاراش، خاتا يول، خاتا ھەرىكەتلەردىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. الله ھەممە بەختىمىزنى كۆرسەتكۈچى. رەسۇلۇللاھقا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئەسھابىلەرگە، ۋارىسلارغا، دىنغا ئۆزىنى ئاتىغانلارغا الله نىڭ رەھمىتى بولسۇن!

يا رب العلمين

# 3- بۆلۈم

## مىننىڭ تۇتقۇلۇق
## مەسىلىلىرى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ**

**ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى قانچە؟***

جاۋاب: سەككىزدۇر.

***سوئال: ئۇلار قايسىلار؟***

جاۋاب: (1) تەۋھىد (2) نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش) (3) ئەدلى (ئېتىقاددا توغرا ۋە تۈزۈك بولۇش، ئەمەل- ئىبادەتنى توغرا قىلىش) (4) ئىمامەت (ئاخىرەت ئىشلىرىنى دۇنيالىق ئىشلىرىدىن بۇرۇن قىلىش) (5) ئەمرى بىلمەئرۇف (ياخشىلىقلارنى شەرىئەت تونۇغان ئىشلارغا چاقىرىش) (6) نەھى ئەنىل مۇنكەر (دىن ئىسلام چەكلىگەن يامان ئىشلاردىن توسۇش) (7) تەۋەللا (**اللە** نىڭ دوستىنى دوست تۇتۇش ۋە **اللە** ئۇچۇن دوست تۇتۇش) (8) تەبەررا (**اللە** نىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇش) دۇر.

***سوئال: بۇلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟***

جاۋاب: *1) تەۋھىد*: **اللە تعالى** نىڭ بارلىقى، ۋاجىب ۋە قەدىملىكتە يالغۇز ۋە پۈتۈن مەخلۇقنى يارىتىشتا

ئۆزى يالغۇز، ۋە بەندىلىرىنىڭ قۇل بولۇپ بويسۇنۇشىغا، باش ئېگىشىگە ھەقلىق بولۇشتا ئۆزى يالغۇز دەپ تونۇپ، ئىبادەتنى يالغۇز اللە قا قىلىش ۋە اللە ئۇچۇن قىلىش، ھېچقانداق مەخلۇقنى ھېچقانداق تەرەپتىن اللە بىلەن باراۋەر كۆرمەسلىك، اللە غا خاس بولغان ئىشنى پالانى ئۇلۇغ كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دەپ تونۇماسلىقتىن ئىبارەت.

2) *نەبۇۋۋەت:* ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە دۇنياغا كېلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا توغرا دىنىنى ئۆگىتىش ۋە بەخت يولىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، اللە نىڭ ئەلچىسى بولۇشقا جىبرىئىل پەرىشتە ئارقىلىق، اللە تەرەپتىن ئۆگىتىلگەن ئىسلام يولىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۆگىتىش ۋە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان كىشىلەر دەپ تونۇپ ۋە ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمگە ئەگىشىش اللە قا ئەگەشكەنلىك، رەسۇلۇللاھنىڭ دېگىنىنى قىلىش اللە قا بويسۇنغانلىق بولىدۇ دەپ تونۇپ، رەسۇلۇللاھ باشلىغان يول بىلەن مېڭىش، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى باشقا ھەر قانداق ئۇلۇغ كاتتا ئادەمنىڭ سۆزىدىن يۇقىرى بىلىپ ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت.

3) *ئەدلى:* ئېتىقاددا توغرا ۋە تۈزۈك بولۇش، ئەمەل-ئىبادەتنى توغرا قىلىش. يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب بولغان ئىشلارنى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن بويىچە قىلىشنى ئۆگىنىپ، پەرز بولغان ئىشلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش، ئاندىن كېيىن ۋاجىب ئىشلارغا، ئاندىن كېيىن كۈچلۈك سۈننەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، چىڭ تۇتۇپ ئادا قىلىش، ئاندىن مۇستەھەب ئىشلارغا مۇمكىنقەدەر ئەمەل قىلىش، ھارام ئىشلارنى قىلماسلىق، مەكرۇھلاردىن ئېھتىيات قىلىش. ئەخلاقتا توغرا بولۇش، يەنى دۇنيادا بىللە ياشىغان ئادەملەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ زۇلۇم قىلماسلىق. شەرىئەت مەنئىي قىلغان ۋە ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىش، مەسىلەن، قاتىللىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئوغرىلىق، زىنا- پاھىشە، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىش، خائىنلىق قىلىش، چېقىمچىلىق، قىمار ئويناش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ كىشىگە دەرد- ئەلەم كەلتۈرۈش، كىشىنىڭ خوتۇنلىرىغا، قىزلىرىغا يامان غەرەزدە بولۇش، زىرائەتلىرىگە، مال- مۈلكىگە زىيان ئۆلتۈرۈش، ھوقۇقدارلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى بۇرمىلاش، ئۆزىنى ۋە خوتۇن- بالىلىرىنى ساۋاتسىز قويۇش، توغرا كەسىپكە كۆندۈرمەسلىك، كۆپچىلىك ئۈچۈن قايغۇرماسلىق، نائىنساپ بولۇش... قاتارلىق بۇزۇق ئەخلاقلاردىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ياخشى

ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش بولسا ئەخلاقتا ئادىل بولغانلىقتۇر. بۇلاردىن باشقا قورقۇنچاقلىق (ھەق گەپ قىلىشتىن قورقۇش، ناھەق ئىشقا قارشى تۇرۇشتىن قورقۇش)، ئاتا- ئانىسىنى رەنجىتىپ توغرا سۆزىنى قوبۇل قىلماسلىق، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يوق يېرىدە يامان گېپىنى قىلىش، ئورۇنلۇق چىقىملارغا چىدىماسلىق (يەنى ئۆشرە- زاكات بېرىشكە، ئاجىز- يوقسۇل تۇققانلىرىگە سىلە- رەھىم ۋە ياردەم قىلىشقا، ئاتا- ئانىسىنى ۋە خوتۇن- بالىلىرىنى ئۆز ئىقتىسادى ئەھۋالىغا لايىق تەمىنلەشكە، دىنى ئىشلارغا ۋە ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلارغا پۇل چىقىم قىلىشقا چىدىماسلىق)، خاتالىقىنى، كەمچىلىكىنى كۆرسەتكۈچىنى يامان كۆرۈش، تەنقىد كۆتۈرەلمەسلىك، ئۆز- ئۆزىنى ماختاش، كىشىلەرنى كۆرسۇن ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش، پايدىسىز گەپ- سۆزلەرنى تولا قىلىش، پايدىسىز ئىشلار ۋە ئويۇن- تاماشىلارغا ۋاقىتنى بۇزۇش قاتارلىقلار ناتوغرا ئەخلاقتۇر. ئەدلىگە خىلاپتۇر.

مۇئامىلىدە توغرا بولۇش دېمەك: ئېلىم- سېتىمدا يالغان سۆزلىمەسلىك، جىك، تارازا، مىسقالدا ئېغىر- يىنىك قىلماسلىق، يالغان ۋەدە قىلىپ ئالدىماسلىق، بىر- بىرىگە ئىچى يامانلىق قىلىشماسلىق، كىشىنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىق، يالغان خېرىدار بولۇپ مال باھاسىنى ئاشۇرماسلىق.

كىشى سۆزلەشكەن خوتۇنغا خېرىدار بولماسلىق، ئىلىمدە ياكى ئىقتىسادتا ئۆزەڭدىن تۆۋەن ئادەمنى ھەقىر كۆرمەسلىك، دىل ئازار، تەنە قىلماسلىق.

خۇلۇم- خوشنىغا ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش. ئەسكى بولسىمۇ چىقىشىش، ئېغىر بولۇش، سەرەمجان ياكى سايىمان سوراپ كىرسە غۇدۇرىماي بېرىش. قىيىنچىلىق تارتقان ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش.

تونۇغان، تونۇمىغان مېھماننى ھۆرمەتلەش، ئۆيدە بار نەرسىلەر بىلەن مېھمان قىلىشتا بېخىللىق قىلماسلىق. خۇلۇم- خوشنا، يۇرت مەھەللە ئىچىدە ھەر كىمنىڭ بېشىغا خاپىلىق كەلسە يار- يۆلەك بولۇش، كېسەل بولسا ھال سوراش، ۋاپات بولسا يۇيۇش، كېپەنگە ئېلىش، نامىزىنى ئوقۇش، دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا تولۇق قاتنىشىش. (باغاق بەرمىگەن ياكى ناماز ھەققى بەرمىگەن نامازغا بارماسلىق يارىمايدۇ)

يولدا ئۇچرىغان مۇسۇلمان ئادەمگە تونۇمىسىمۇ سالام قىلىش (ئاغزىدا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېمەي تازىم قىلىش، ئىگىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ).

قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم ياردەمگە چاقىرسا ياكى زىياپەتكە چاقىرسا بېرىش (لېكىن گۇناھ سادىر بولىدىغان يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ).

يولدا قېرى- ئاجىز ئادەملەرنى ھارۋىغا چىقىرىۋېلىش، ماشىنىغا ئېلىۋېلىش...، ئۇلاغ ھارۋالىرىغا

يۈك ئارتىشىپ بېرىش، ئۆششاق باللارغا، قېرى ئادەملەرگە كۆزلىدىن، ئۇستەڭدىن سۇيىنى ئۆسۈپ بېرىش.

خۇلۇم- خوشنا ۋە ئاجىز ئادەملەرنىڭ يەنى يەر خوشنىلىرىنىڭ ئۇسسىغان زىرائىتىنى سۇغۇرۇپ قويۇش، بۇزۇلغان كۆۋرۈك ۋە يوللارنى ئوڭشاپ قويۇش، ياۋاش ئادەملەرنى ئالداپ بازار باھاسىدىن قىممەت ساتماسلىق، ناچار نەرسىنى پەدەزلەپ ساتماسلىق، يالغاندىن داملىماسلىق.

بىشى قاتقان مۇساپىر ۋە ماكانسىز مۇسۇلمان ئادەملەرگە ماكان بېرىش، يېمەكلىك بېرىش، ئىشقا، كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەقسىز ئىلىم ئۆگىتىش، ھۈنەر ئۆگىتىش.

ئېرى يوق، ياردەمچىسى يوق ئاياللارغا ياردەم قىلىپ ئۇبدان ئەر تېپىپ بېرىش، ئاتا بولۇپ قوغداش، يېتىم باللارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ چىقىمىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇتۇش، ھۈنەرگە بېرىش، ئۇ باللىرى ۋە تۇققانلىرى ۋە دوست- ئاغىنەلىرىدىن باشقىسى بىلەن چاتىقى بولماي يۇرمەسلىك، قانداقلا بىر مۇسۇلماننىڭ خارلىنىشىغا، زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا، ئاچ- يالىڭاچ قېلىشىغا، دەپسەندە قىلىنىشىغا قارشى تۇرۇپ رەھىم- شەپقەت قىلىش، ھىمايە قىلىش.

ياش ئەۋلادلارنىڭ زامانىۋى ھۈنەر- سەنئەت ئۆگىنىشىگە ياردەملىشىش. ئېتىقاد، ئەخلاق

جەھەتتىكى ناچارلىقلىرىغا سىلىق ۋە ئاڭلىق تەربىيە بىرىش.

ئۆزى بىلگەن ھۈنەرنى يۈشۈرماسلىق، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىدىن قىزغانماسلىق، بىلمىگەننى بىلىمەن دېمەسلىك، ئۆزىنى بەك موللا، بەك ئۇستا چاغلاپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرمەسلىك، مۇسۇلمان ئادەمنى دۈشمەن تۇتماسلىق.

4) *ئىمامەت:* يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىنى دۇنيالىق ئىشلاردىن بۇرۇن قىلىش. **الله تعالى** ئىنسانلارنى ھايۋانلاردەك كۆرۈنۈشى سەت، تىلسىز، ئاڭسىز ياراتماي، چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، تىل بېرىپ، يېمەكلىكنى ھايۋان يېمەكلىكىدىن ئالى قىلىپ، ئاڭ- سىزىم بېرىپ، يەر شارىدىكى ھايۋانلاردىن، ئۆسۈملۈكلەردىن، كان- مەدەنلەردىن، خام ئەشيالاردىن پايدىلىنىش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى بېرىپ ھۆرمەتلەشتىن مەقسەت- قىسقا مۇددەتلىك دۇنيا ھاياتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلاندۇرۇۋېتىش بولماستىن، بەلكى ئىككىنچى قېتىم قايتا تىرىلدۈرۈپ، ئەبەدى ھاياتتا ياشىتىشقا لايىق ياراتقاندۇر ۋە شۇ ئەبەدى ھاياتتا غەزەب ۋە جازادىن ساقلىنىپ، بەخت ۋە راھەتتە ئەبەدى ھالاۋەت بىغىدا ياشاشقا لايىق بولۇشىمىز ئۈچۈن، دۇنيادا مەلۇم سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار

ئىچىدىن مەلۇم كىشىلەرنى مەخسۇس تەربىيىلەپ پەيغەمبەر قىلىپ، ھەممە جەھەتتە تۈزۈك ۋە قابىلىيەتلىك قىلىپ پەرىشتە ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت- سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان يول ۋە خىزمەتلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى پۈتۈن خەلىققە رەھبەر قىلغان ۋە ئۇستاز قىلغان. ۋە شۇ پەيغەمبىرىمگە ھەممىمىزنىڭ ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنى، پەيغەمبىرىم ئۆگەتكەن ئىشلارنى قىزغىن ئادا قىلىشىمىزنى تاپشۇرغان. پەيغەمبىرىم بىزگە تەلىم بەرگەن ئېتىقادلار، ئىبادەتلەر، ئەخلاقلار، مۇئامىلىلەر بولسا ئاخىرەت ئىشلىرى دېيىلىدۇ. سەۋەب: بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ھەر بىر ئادەم قىيامەت كۈنى سوراق قىلىنىدۇ، ھېساب بېرىدۇ ۋە چارە كۆرۈلىدۇ. بىزنىڭ تىرىلغۇمىزغا، ھۈنەر- كەسپىمىزگە، تىجارىتىمىزگە، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمىزگە دائىر ئىشلار دۇنيالىق ئىشلار دېيىلىدۇ. **الله تعالى** بىزگە پەيغەمبىرىم ئارقىلىق ئوقتۇرۇپ، دۇنيالىق ئىشلاردىن ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بۇرۇن ئادا قىلىشنى، دۇنيا ئىشلىرىنى قىلىمەن دەپ ئاخىرەت ئىشلىرىنى كېچىكتۈرمەسلىكنى تاپشۇرغان. ئاخىرەتلىك ئىشلارنىڭ نەتىجىسى چوڭ ئەبەدى بەخت، تۈگىمەس ھايات ۋاستىسى بولغانلىقتىن ۋە بەزىلىرى ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ئەركىن ۋە پاراۋان، خاتىرجەم

ياشاش ۋاستىسى بولغاچ، ئەلۋەتتە مۇھىم تۇتۇشقا ۋە بۇرۇن ئادا قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

دۇنيالىق ئىشلارنىڭ پايدىسى قىسقا مۇددەتلىك ھەم ئاز بولغاچ، بۇنى كۆزلەپ ئاخىرەت ئىشىنى قۇربان بېرىشكە ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز بولسا مۆئمىن بەندىنىڭ مېھرىبان ئىگىسى الله تعالى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىدىغان، توغرا يول تىلەيدىغان، ئەپۇ- مەغپىرەت تىلەيدىغان، ئىلتىجا قىلىپ، رەھمەت تىلەيدىغان، باش ئىگىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تەكلەيدىغان، بىزگە رەھمەت بولغان رەسۇلۇللاھقا الله نىڭ سالامىنى ۋە رەھمىتىنى تىلەيدىغان ۋەسىلە (الله قا يېقىنلىشىش ۋاستىسى) بولغاچقا، دۇنيالىق پايدىنى دەپ نامازنى تاشلاش ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئاقىل ئىش ئەمەس.

شۇنىڭدەك ئىلىم- بىلىم بولسا، ئىنسانغا بەخت بېرىدىغان، ئۆز ئىگىسىنى تونۇتىدىغان، ئىككى ئالەمدە ھالاۋەتكە يەتكۈزىدىغان، ئېزىشتىن ساقلايدىغان چىراق بولغانلىقتىن، قىز- ئوغۇل پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتماي، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ماھىيىتىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى تونۇتماي ساۋاتسىز قالدۇرۇش، پايدىسى ئاز ھەم ۋاقىتلىق بولغان ئىشلارغا سېلىش، مال باققىلى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا، ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ، ئويۇنغىلى قويۇپ بېرىپ، ئوشۇق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش، تورمۇش

قىيىنچىلىقىنى ياكى ۋەزىيەتنى باھانە قىلىپ ئوقۇتماي، دۇنيادا ھايۋانلارچە ياشاشقا، **الله** قا بەندىچىلىك قىلماي نەپسىگە قۇل بولۇپ، ئاخىرەتتە دوزىخى بولۇشقا رازى بولۇش، بالىنى باققانلىق ئەمەس دۈشمەنلىك قىلغانلىقتۇر، روھىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر، ئاخىرەت ئىشىنى دۇنيا ئىشىدىن تۆۋەن كۆرگەنلىكتۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئېتىز ئىشلىرىغا، سودا- سېتىق ئىشلىرىغا ئالدىراپ نامازنى قازا قىلىش، ھۈنەر- كەسىپكە ئالدىراپ نامازنى قازا قىلىش، تەنقىدتىن قورقۇپ، خىزمىتىنى ئاسراپ، دىنى ئىشلىرىنى تاشلاش بولسا دىنىنىڭ بىر يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىغانلىقتۇر. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ نان يېقىش، ئاش ئېتىشنى، مېھماندارلىقنى، بالا ئېمىتىش، كىر يۇيۇشنى، سودا- سېتىق ئىشلىرىنى، ئەمگەكلەرنى باھانە قىلىپ، نامازنى، روزىنى قازا قىلىشى توغرا ئەمەس. دىن ئىشلىرىنى يۈرىكىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى ئاجىز بولۇپ، ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر.

5) ***ئەمرى بىلمەئرۇف:*** يەنى باشقىلارنى شەرىئەت تونۇغان ئىشلارغا چاقىرىش. دېمەك، دىنىمىز ئىسلام بولسا **الله تعالى** رازى بولغان مۇقەددەس دىن بولۇپ، **الله تعالى** جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا خەلقىگە ئۆگىتىشنى تاپشۇرغان

ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھدىن ئۆگەنگەن دىننى كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەۋلاددىن ئەۋلادقا ئۆگىتىپ دۇنياغا كېڭەيتىش ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇشنى بويرۇغان. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى بۇ خىزمەتنى جان دىلى بىلەن ئادا قىلغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى دەۋرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق، مىسىر، سۇرىيە، يەمەن، ئىرانغا قەدەر كېڭەيگەن، ساھابىلەر زامانىدا ياۋروپانىڭ غەربى ۋە شىمالى، غەربى ئافرىقا ۋە شەرقى ئاسىياغىچە كېڭەيگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئىمام ئەئزەم ۋە ئىمام بۇخارىدەك تىرىشچان ئالىملارنىڭ كۈچى بىلەن دىنىمىز كەڭ ئەمەلىلەشتۈرۈلگەن ۋە قوغدالغان. يەھۇدى ۋە ناسارا دۈشمەنلەرنىڭ دىنىمىزغا قىلغان سۇئى قەستى تازىلانغان. دىننى ئۆگىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئالىملىرى داۋاملىق تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ۋە نۇرغۇن دىنى كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. دەسلەپتە اقرا (ئوقۇ) دەپ بۇيرۇغان دىن، ئەمدى بولدى ئوقۇما! دەۋاتامدۇ؟ ئەرەب ئالىملىرىغا يۈكلەنگەن ئىلىم ئۆگىتىش، ئەسەر قالدۇرۇش، تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسى بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىزدىن كەچۈرۈم قىلىنغانمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلار الله تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەۋلادلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىسلامنى تەشۋىق قىلىپ، دىنى

ئىسلامنىڭ شەرىپىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ، الله قا قانداق بەندىچىلىك قىلغان؟ بىزلەر ئىلىم- پەندىن، سانائەتدىن، گۈزەل ئەخلاقلاردىن، ئادىمگەرچىلىكتىن يۈتۈنلەي ئايرىلىپ، ئالىملار ئۆزىمۇ ئەمەل قىلمايدۇ، ئامىمغا ئۆگەتمەي، ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتمەي، چوڭلار كىچىكلەرگە ئۆگەتمەي، جان بېقىشنى، نەپسىنى تويغۇزۇشنى بىرىنچى تۇتۇپ، الله تعالى نىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ «ئىلىم ئۆگىنىڭلار، خەلققە ئۆگىتىڭلار» دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، شەخسى تورمۇشتىن باشقىنى ئويلىماي، دىن ئۈچۈن يىغلىماي، ئاقىۋەتنى ئۈچۈن قايغۇرماي، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئادەم شەكىللىك ھايۋان دېيەرلىك ھالغا چۈشتۇق. قۇرئان، ھەدىسقا ۋە مۇجتەھىدلەرگە ئەگىشىپ ئەمەل قىلماي، قەبرىستانلارغا تەلمۇرگىنىمىزنى چوڭ ئىش دەپ تونۇپ قانائەتلەندۇق، ۋائىزلارنىڭ راست- يالغان ئارىلاشتۇرۇلغان ئاشۇرما سۆزلىرىنى تەشۋىق ئورنىدا قوبۇل قىلدۇق، ئىلىمدىن ئايرىلىپ، مەنىۋى قارىغۇ بولدۇق. ئىنسان قىلمايدىغان يامان قىلىقلار، بۇزۇق ئىستىللار بىزدە ئومۇملاشتى. دۇنيا ئەللىرىدىن نومۇس قىلىمىدۇق. ساقتىپەزلىك، يالغانچىلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، چېقىمچىلىق، ئاداۋەتچىلىك، تىللىشىشتەك ئادەمگە نومۇس ئەخلاقلار ئاشكارىلاشتى، ياش ئەۋلادلارنى زەھەرلىدى. بۇ

پالاكەتچىلىك نەدىن كەلدى؟ پەقەت ياخشىلىقنى بۇيرۇشنى تاشلىغانلىقتىن كەلدى، ئۆگەتمىگەن، تەربىيە بەرمىگەن، نەسىھەت قىلمىغان، تونۇتمىغان، قارشى تۇرمىغاندىن كەلدى. قۇرئاننى چۈشەنمىگەن، دىننى تونۇمىغان، ئىلىم ئوقۇمىغان، ئىنسان دۇنيادا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى تونۇمىغانلىقىدىن كەلدى. بۇ توغرۇلۇق موللا كىشىلەر، قارى كىشىلەر، ئىشان كىشىلەر، دىنى زىيالىيلار، ئاتا- ئانىلار الله ئالدىدا مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىيالايدىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار مەسئۇللۇققا تارتىلىمىز.

ياخشى ئىشلار (ئىلىملار، ھۈنەرلەر، گۈزەل ئەخلاقلار) ئۆزىچە راۋاجلانمايدۇ. مەلۇم سەئيى سەۋەب، مەلۇم تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق لازىم بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن ۋە ئېقىمدىكىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ئۈمىدى يوق تۇرۇپ، پەقەت دۇنيادىكى قىسقا مۇددەتلىك ئۆمرىنى پاراۋان ئۆتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن قىز- ئوغۇل بالىلىرىنى تولۇق ئوقۇتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭچە توغرا دەپ تونۇغان كۆز قارىشىنى باشقا مىللەتلەرگىچە تەرجىمە قىلىپ تەشۋىق قىلىدۇ، ھەتتا تاڭىدۇ، ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى قايىل قىلدۇرىدۇ. ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ئىككى ئالەملىك بەخت يولى بولغان دىنىمىزنى ئۆز بالىلىرىمىزغىمۇ، خوتۇنلىرىمىزغىمۇ

ئۆگەتمەي ئاغزىدىكى مۇسۇلمانلىقىقا رازى بولساق بولامدۇ؟ ئويلاپ بېقىش كېرەك.

6) نەھى ئەنئەلمۇنكەر: يەنى دىنى ئىسلام چەكلىگەن يامان ئىشلاردىن توسۇش. دېمەك، كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدىغان چوڭ دۈشمىنىمىز شەيتان، ئادەمنىڭ ئىدىيىسىگە ھەر خىل بۇزۇق، يامان ھەۋەسلەرنى سالىدۇ ۋە خاتا يوللارغا باشلايدۇ، قەلبىگە ئىمان ۋە توغرا تونۇش ئورۇنلاشمىغان ئادەملەرنى ئۆزىگە قوشۇن قىلىپ، شۇلار ئارقىلىق ئىسلام دىنىمىزگە خىلاپ بۇزۇق ئېتىقادلارنى، يامان قىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئىنسانىيەت دۈشمىنى بولغان شەيتان ئۆز قوشۇنى ئارقىلىق دىنىمىزگە قارشى تۇرىدۇ، بۇزغىلى ۋە يوقاتقىلى قەستلەيدۇ. دۇنيادا مەۋجۇد بولغان خۇداسىزلىق ئىدىيىسى، الله قا مەخلۇقنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش ئىدىيىسى، قاتىللىق، زالىملىق، خائىنلىق، مۇناپىقلىق، زىنا- پاھىشە، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، كىشىنىڭ مۈلكىنى ۋە ھوقۇق ئەركىنلىكىنى ئاياق ئاستى قىلىش قاتارلىق بۇزۇقلۇقلار، شەيتان ئىغۋا قىلغان نەرسىلەر بولۇپ، الله تعالى بۇ خەتەردىن بەندىلىرىنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى بەلگىلىگەن، پەيغەمبەرلەر بۇ خاتا ئىدىيىلەرگە، يامان قىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلغان ۋە ئۆز ئۈممىتىگە بۇلارغا قارشى تۇرۇشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىمىزغا خىلاپ

بولغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان ۋە ئىسلام چەكلىگەن ھارام ئىشلارنىڭ سادىر بولغىنىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى مەنئىي قىلىش ۋەزىپىسى بار، قارشى تۇرۇش، نارازى بولۇش مەسئۇللۇقى بار ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئۇلۇغ ئىگىمىز **الله تعالى** نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپ: «**سىز مۆئمىنلەردىن قايسىڭلار شەرىئەت چەكلىگەن ئىشنى كۆرسەڭلار قولى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە گەپ- سۆزى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىمۇ قىلالمىسا يۈرىكىدە نارازى بولسۇن، قول بىلەن، تىل بىلەنمۇ تۈزەتمەي قەلبىدە نارازى بولۇپ تۇرۇش ئىماننىڭ ئاجىزلىقى**» دېدى. ئەمدى بىزدەك يامان سۆز- ھەرىكەتلەرگە نارازىمۇ بولماي، يامان كۆرمەي، ئېچىنماي، بىپەرۋا يۈرگەنلەردە ئىمان بار دېيىشكە بولامدۇ؟ **الله** ئىنساپ بەرگەي! نۇرغۇن كامىل مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇنلىرى ناماز ئوقۇمايدۇ، ئورۇسچە ياسىنىپ يات ئەرلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئايالنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن چەكلەپ، ئۇلۇغ مەسچىتلىرىمىز يىتىمە- پاساتتىن ساقلاشقا تىرىشقان تۇرسا، بىزلەر ئاياللارنىڭ بازار ۋە كوچىلاردا يات ئەرلەر بىلەن قىستىشىپ، چىمدىشىپ يۈرۈشىگە نارازى بولمايمىز. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ناماز ئوقۇماي، روزا تۇتماي، گۇناھ سادىر قىلىپ يۈرۈشىگە نارازى بولمايمىز. ئائىلىلىق تەربىيەنى داۋاملاشتۇرۇپ قايىل قىلماي، ئۇرۇش،

تىللاش، قېيداش، پوقوشلاشدەك ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىمىز. ئەركىنلىك باھانىسى بىلەن ياشلار ئىستىل بۇزۇقلىقىغا دۇچار بولدى. ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى باسىدۇ دەپ تەنە قىلىشتى. ئاياللاردا مەيدانسىزلىق، بىلىمسىزلىك كۆپ بولغاچ، يات مىللەتلەرگە تېگىپ، مىللىي ئىرقىنى بۇزدى، پاھىشىگە دۇچار بولغان ئاياللار دادىسى مۇئەييەن بولمىغان بالىلارنى تۇغۇپ، ئۇ بالىلار ئانىسىنىڭ گەدىنىگە چۈشتى، تۇرمۇشىغا ياردەملەشكىلى دادىسى بولمىغانلىقتىن ئانىسى قىينالدى، ھەتتا باقالماي مەسجىدلەرگە تاشلاپ قويۇپ خارلاندى. دادىسىز بالىلارنى ئوقۇتقىلى، ھۈنەر ئۆگەتكىلى ئادەم بولمىغاچ، ئوغرى، يانچۇقچى، پىتنە-پاساتچى بولدى. دىنغا تەنە قىلغۇچىلار بۇنى ئويلىمىدى. خوتۇنلارنىڭ ئىستىل بۇزۇقلىقى سەۋەبتىن ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇرۇن كېسىش، پۇت-قوللارنى سۇندۇرۇش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. تۆت-بەش بالا بىلەن ئاجرىشىپ، ئائىلە پاراكەندىچىلىكى بولۇپ، بالىلار ئۆگەينىڭ ئازابىغا تۇتۇلۇپ، تەربىيىسىز، ئەخلاقسىز ئادەم بولدى، مۇشۇلار ھەممىسى زىنا-پاھىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ؟

ھاراق ئىچىش ئەركىنلىكى بىلەن ياشلار ھاراق بالاسىغا دۇچار بولۇپ، نۇرغۇن مۇھىم ۋاقىتلىرىنى مەسلىك بىلەن، بىخۇدلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىبادەتتىن،

ھۈنەر- كەسىپتىن مەھرۇم قالدى. نۇرغۇن ئىقتىسادى ۋەيران بولدى، بەزى ھاراق خۇمارلار بىرنەچچە بالىسى، خوتۇنى بارلىقىغا قارىماي ئولتۇرغان ئۆيلەرنى، سەرەمجانلىرىنى سېتىپ ئىچىپ تۈگەتتى. ئائىلە، بالىلىرى قىينالدى، ھاراققا پۇل تاپالمىغان ياشلار خەقنىڭ يانچۇقلىرىنى بۇلاپ يىغلاتتى. مەسىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى، پۇللىرىنى ئەلگە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلغان بولسا نىمە دېگەن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كىلەتتى.

نائىنساپ تىجارەتچى ۋە كۆڭلى قارا ھايانكەشلەرنىڭ جىك- تارازىدا، مىسقالدا ساختا قىلىشى بىلەن نۇرغۇن ياۋاش مۇسۇلمانلارنى، ئۆزىنىڭ دىندىشى، ۋەتەندىشىنى زىيانغا ئۇچراتتى، ۋىجدانى ئازابلانمىدى. دىنسىزلار نومۇس قىلمىدىغان ئىپلاسلىقلار بەزى مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولدى، دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىزغا پايدىلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرماي ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ ۋە خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان يامان ئىشلارغا قارشى تۇرماي، نارازى بولماي يۈرگىنىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز جىنايەتكار بولدۇق. الله نىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان تۇرۇپ يەنە دۇئايىمىز ئىجابەت بولمىدى، الله ئانداق، مۇنداق قىلىپ بەرمىدى دەپ الله قا ئەكىدەيمىز.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى بولمىغان بولساق، مۇسۇلمان بىز دەپ تۇرۇپ، ئىنسان قىلمايدىغان يامان قىلمىقلىرىمىز ۋە ۋىجدانسىزلىقىمىز سەۋەبىدىن الله بىزنى يەرگە يۇتقۇزىۋېتەتتى. الله بىزگە يەنە رەھىم قىلىپ ئۇنىڭدىن كىچىكراق بالالار بىلەن ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ئەقىلسىزلىق، بىخۇدلۇق قىلىپ جىنايەتدىن قول يىغمايۋاتىمىز، بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرنى توسمايۋاتىمىز.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: **العلما امناء الله علي خلقه «دىن ئالىملىرى الله تعالى نىڭ مەخلۇقلىرى ئۈستىدىكى ئىشەنچلىك بەندىلىرى»** يەنى خەلقلەرنىڭ دىن يولىدا مېڭىشىغا موللا كىشىلەر مەسئۇل ۋە ئامانەتدۇر. دىنغا خىلاپ ئىشلارنى توزەتمىگەن، قارشى تۇرمىغان موللىلار خائىن بولىدۇ دېدى.

ئاساسسىز دەلىللەرنى كۆرسىتىپ، ئەمدى بىزدىن ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش ۋەزىپىسى ساقىت دېيىشتى، ھالبۇكى بۇلارغا ساھابىلەرغا دىن خىزمىتى يولىدا كەلگەن ئايەتنى كەلگەن بولسىمۇ، الله تعالى: «(1) **مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلمايمەن. (2) مېنىڭ دىنىم ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى يوللىرىمغا باشلايمەن، ئۈزەم رەھبەرلىك قىلىمەن»** دېسە، «ئەتىكى گۆشتىن، بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېدۇق. بۇ ئەھۋالىمىز بىلەن الله تعالى بىزنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشىمىزنى

ياخشىلىسا، بىشىمىزنىڭ ئوڭشىسا دەيدىغانغا نېمە ھەققىمىز بار؟ دۇئانىڭ ئىجابىتى ۋە مەقسىدىنىڭ ھوسۇلى ئۈچۈن ۋەسىيلە (ۋاستە) كېرەك. ۋەسىيلە پەقەت قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن تۈزۈك ئەمەل- خىزمەت ۋە سۈننەتى ئىلاھىيە (ئىلاھى قانۇنىيەت) بويىچە ھەر ئىشقا ئۆز سەۋەبىنى قىلىشتۇر ئەمەل قىلماي، بۇيرۇغاننى قىلماي، ياخشىلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش ئەمەستۇر.

7) *تەۋەللا:* يەنى اللە نىڭ دوستىنى دوست تۇتۇش ۋە اللە ئۈچۈن دوست تۇتۇش. دېمەك: بىزنى يوقتىن بار قىلغان اللە، رىزىق بەرگەن اللە، ئىمان بەرگەن اللە، توغرا يول كۆرسەتكەن اللە، جەننەتكە كىرگۈزگۈچى اللە، دوزاختىن ساقلىغۇچى اللە، ئۆزى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بىزگە ئىگە بولغۇچى ۋە ئۆزى خالىغاننى قىلغۇچى اللە ئۆزى بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئەقلى بار ۋە ئىنساپى بار ئادەم ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئىگىسىنىڭ دوستى بولغان بەندىلىرىنى دوست تۇتىدۇ ۋە بۇلارنى سۆيسەم اللە مېنى دوست تۇتىدۇ ۋە رازى بولىدۇ دېگەن غەرەز بىلەنلا سۆيىدۇ.

### *اللە نىڭ دوستلىرى كىملەر؟*

پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ اللە تەرەپتىن يەتكۈزگەن يولىنى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلاردۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ھەق يولدا ئەگەشكۈچىلەر (تابىئىن ۋە تەبئ تابىئىينلار)، مۇجتەھىدلەر، يەنى دىنىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دۇنياغا كېڭىيىشى ئۈچۈن تىرىشقۇچى ۋە ئەقلى ئىشلىتىپ چۈشەندۈرگۈچى ئالىملار، غازىلار (دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ قىلغۇچىلار)، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى (رەسۇلۇللاھ ئۇگەتكەن يولنى) قوغدىغۇچى ۋە ئىزچىللاشتۇرغۇچىلار ۋە كۆرسەتمە بويىچە ئىشىنىپ، ئۆزگەرتمەي ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلاردۇر.

ئەۋلىيا بولۇش ئۈچۈن غەيبىدىن سۆزلەش ياكى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قىلىش ياكى قەبرىستانلاردا تۈپىدا يېتىش ياكى ياللىڭئاياغ قارغا دەسسەپ مېڭىش ياكى تىرىك ھايۋان تەركى دۇنيا بولۇش شەرت ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلار شەيتان مۇردلىرىنىڭ دىنىمىزغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىقبالىغا سالغان بۇزغۇنچىلىقىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **«اللە تعالى سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى يۈرىكىڭلاردىكى ئىمان ۋە ئىخلاسىڭلارغا ۋە توغرا قىلغان ئەمىلىي ئىشلىرىڭلارغا قارايدۇ»** دېدى. شۇڭا اللە نىڭ دوست بەندىلىرى ھەقىقىي ئالىملار ۋە توغرا ئابىدلار ۋە سالىھلار ئىچىدىمۇ بولغاندەك تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، سوفورىلار، ئۇچقۇچىلار، تېببىي خادىملار، ئىشچىلار، ئاياللار ئىچىدىنمۇ چىقىدۇ. يېغىپ ئېيتقاندا اللە تعالى

نىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، قۇرئانغا، رەسۇلۇللاھقا چىن يۈرىكى بىلەن ئىشەنگەن، الله تعالى ۋە رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەن ۋە تاپشۇرغان ئەمەل ۋە ئىبادەت ۋە ۋەزىپىلەرنى جان دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كۈچى يەتكەن مىقدارى ئەمەلگە ئاشۇرغان، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى دۈشمەن كۆرگەن ۋە ساقلانغان، الله دىن باشقا ھىچكىمنى الله دەك ئۇلۇغ كۆرمىگەن، دىن ئۈچۈن قايغۇرغان، قوغدىغان، دىن ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ بۇزمىغان، دىنني ئادەم شەكلىدە تۇرۇپ دىنغا پالتا چاپمىغان، دىنىنىڭ يۇقۇلىشىغا ھەسسە قوشۇپ ھە-ھۇ دېيىشمىگەنلەر ئەۋلىيا، ۋەلىيۇللاھ (الله نى سۆيگۈچى ۋە الله ئۇنى سۆيگۈچى) بەندە بولىدۇ. بۇلارغا ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە يامان ئاقىۋەت يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا الله تعالى بىزگە: مۆئمىنلەر بىر- بىرىنى بىر تۇققاندەك سۆيۈشنى، ياخشىنى راۋاجلاندۇرۇش، يامانغا قارشى تۇرۇشتا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشنى، ھەق- ناھەقنى ئايرىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆلچەم قىلىشنى، بىر- بىرىگە سۇيقەست، قەست قىلىشماسلىقنى، كىمنىڭ ھەق بولسا شۇنى قوبۇل قىلىشنى، جاپادا- راھەتتە ئورتاق بولۇشنى تاپشۇردى. بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرسە ياكى مال- مۈلكىنى تارتىۋالسا، ياكى ئائىلىۋى ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلسا شەرىئەت قانۇن مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، قاتىلدىن قىساس ئېلىش،

ئىقتىسادى ھەققىنى تۆلىتىش، باشقا جىنايەتلەرگە قانۇن بويىچە جازالىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىسىمۇ، مۇسۇلمانلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن، دىنداشلىق خاتىرىسى ئۈچۈن، قاتىللىقتىن باشقا ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى جىنايىتىنى كەچۈرۈۋ قىلىپ، ئىنتىقام ئالماسلىقنى، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى ساقلاپ، بىر- بىرىگە كەڭ قورساق ۋە كەچۈرگەك بولۇشىنى قوللايدۇ ۋە شۇنداق قىلغۇچىغا چوڭ ئەجىر ۋە مەغفىرەت ۋەدە قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى شۇنداق تۇرۇپ، يەنە مەن مۇسۇلمان دېگەن بەزى ئادەملەر ئازغىنە ئىقتىسادى زىيان ئۈچۈن بىر- بىرى بىلەن مۇشلىشىدىغان، قەبىھ گەپلەر بىلەن تىللىشىدىغان، ئۇزۇۋ مۇددەت ئاداۋەتلىشىپ سۆزلەشمەيدىغان، ھەتتا ناھەق گەپ بىلەن قارىلاپ تۈرمىلەرگە قامىتىدىغان، ئاز زىيان ئورنىغا چوڭ زىيان ئۇرۇشىنى قەست قىلىدىغانلار بار. شۇنىڭدەك دېھقانلار ئىچىدە سۇ تالىشىپ ياكى يېرىنىڭ پاسىل قىرلىرىنى تالىشىپ ياكى زىرائىتىمگە مال كىرىپ قالدى دەپ، ياكى توخۇ تاتىلىدى دەپ بىر ئادەمگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولالمايدىغان ئاددى زىيانغا سەۋر قىلالماي ماجرا قىلىشىپ، نەتىجىدە چوڭ ۋەقەلەرنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار بار. مانا بۇلار «تەۋەللا»غا زىت، شەرىئەت ئىسلامنىڭ روھىغا خىلاپتۇر، ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ باشقا مۇسۇلمانغا زىيان ئۇرۇش «تەۋەللا»غا خىلاپتۇر. دىنىنىڭ بىر يىلتىزىنى قۇرۇتقانلىقتۇر. مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر پەقەت بىر تىل، بىر نەسىل بولغىنى ئۈچۈن، بىر- بىرىنى قوغداپ، بىر- بىرىگە ئەزىز جېنىنى ئاياشماي، ئىتتىپاق، ئىناق ياشاش نەتىجىسىدە دۇنيادا ھېچكىمگە بوزەك بولماي ئەركىن ۋە پاراۋان ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بىز مۇسۇلمانلار بىر تىل ۋە بىر ئەۋلاد بولۇشتىن تاشقىرى بىر الله قا قۇل، بىر پەيغەمبەرگە ئۈممەت، بىر قۇرئاننىڭ رەھبەرلىكىدە، قىبلىمىز بىر، نامىزىمىز بىر، ئېتىقادىمىز بىر، يۇرتىمىز بىر، ئۆرپ- ئادىتىمىز بىر، ئاخىرەتتە جەننەتتە بىللە ياشايدىغان قېرىنداشلار تۇرۇپ، بىر- بىرىمىزنى قەدىرلىمەيمىز، دۈشمەنلىك قىلىمىز، خائىنلىق قىلىشىمىز، شۇڭا دۇنيادا ئىنسانلارچە ياشىيالمايمىز، ئاخىرەتتە بىزگە دوزاخنىڭ قايسى تەبىقىسى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيمىز. **ربنا ظلمنا انفسنا و ان لم تغفرلنا و ترحمنا لنكونن من الخاسرين**

*8) تەبەررا:* يەنى الله نىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇش. الله تعالى دۇنيادىكى بەندىلىرىگە دىن بولسۇن، بەخت- سائادەت مەشئىلى بولسۇن ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆگەتكەن دىن ئىسلامنى ۋە ئۇنى قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇشقا

كىيىلىمىك قىلىسۇن ئۇچۇن چۈشۈرگەن قۇرئاننى ۋە الله
تعالى نىڭ ۋەھيى ۋە ئىلھامى ئارقىلىق پەيغەمبىرىم
سۆزلىگەن ھەدىسلارنى ئەمەلدىن يۇقىتىش ئۇچۇن قەست
قىلغانلار، قۇرئانغا، رەسۇلۇللاھقا ئىشەنمىگەنلەر، ئۇمۇمەن
ئىسلام دىنىنى توغرا دەپ تونۇمىغانلار الله نىڭ
دۈشمىنى، بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ يوقۇلۇشى ياكى
ئاجىزلىشىپ تەدرىجى ھالدا ئەمەلدىن قېلىشىنى
خالايدۇ، بار كۈچى بىلەن ئاشكارا ياكى يۇشۇرۇن قارشى
تۇرىدۇ، يوقۇتۇشقا چارە قوللىنىدۇ، كۈچى يەتسىلا
مۇسۇلمانلارنى دەپسەندە قىلىدۇ، دىنىنى ساقلاشنىڭ
ئامىللىرىنى چەكلەيدۇ. ئىسلام دىنى بىز
مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىمىز، بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزنىڭ
بەخت- سائادىتىمىز، ئۇنى بىزگە مېھرىبان ئىگىمىز
ئادەتتىن تاشقىرى رەھمەت ۋە شەپقەت قىلغىنى ئۇچۇن
بەرگەن، بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ھەر قانداق ھالەتتە
ياشاشنى خالىمايمىز. بىزنى يوقتىن بار قىلغان، سانسىز
نېئمەتلەر بىلەن بىزنى بېقىۋاتقان ۋە بىزگە مەڭگۈلۈك
راھەت- پاراغەت ئورنى بولغان جەننەتنى ئالدىن
تەييارلاپ قويغان، ۋە بىزگە قۇرئان چۈشۈرۈپ ۋە
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇستاز قىلىپ، دۇنيادا
ئىنسانچە ياشاش يولىنى ئۆگەتكەن الله نىمىزنىڭ
دوستىنى دوست تۇتۇش، دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتۇش
مۇسۇلمانلىقنىڭ شەرتى. ئىككى قارىمۇ- قارشى تونۇش

بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ياشىمايدۇ. اللّٰه تعالى قۇرئاندا:

«مۆئمىنلەر، مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى ئۆزىگە دوست تۇتمىسۇن، مۆئمىنلەرنى تاشلاپ كاپىرلارنى سۆيگەنلەر اللّٰه تعالى نىڭ دىنىدا ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ سوئى- قەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىقىشىپ ياشاشقا بولىدۇ.»

لَا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓا۟ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٨﴾ إِنَّمَا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ وَظَٰهَرُوا۟ عَلَىٰٓ إِخْرَاجِكُمْ أَن تَوَلَّوْهُمْ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾

«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللّٰه ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. اللّٰه دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر.» (سۈرە مۇمتەھىنە 8-9 ئايەت)

ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەنلەر ھەممىسى اللّٰه نىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ ھەم ئاخىرەتتە ھەممىسى ئەبەدى

دوزىخى بولىدىغانلىقى بولسىمۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ياشاشتا، مۇئامىلىدە پەرقلىق بولىدۇ. ئۆزى ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىسىمۇ دىنغا ئۆچمەنلىك قىلمايدىغان، كاپىرلىق ئىدىيىسىنى مۇسۇلمانلارغا تاڭمايدىغان، زىيانكەشلىك قىلماي كىشىلىك ھوقۇقىغا، ئىگىلىكىگە تاجاۋۇز قىلماي، تىنچ ياشاشنى خالىغانلارغا مۇسۇلمانلار بىرىنچى بولۇپ دۈشمەنلىك قىلماسلىق، ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى قەلبى بىلەن سۆيمەسلىك بىلەن ۋە ئىدىيىسىدە يامان كۆرۈش بىلەن بىللە ئىنسانلىقىدا توغرا مۇئامىلە قىلىش، 'مۇسۇلمان بول!' دەپ قىلىچ تەڭلىمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئەمما سەن جىم تۇرساڭ ئۇ جىم تۇرمايدىغانلارغا، يەنى دىنىنى يوقۇتۇشقا، مۇسۇلمانلارنى مەھكۇم قىلىشقا، دەپسەندە قىلىشقا، بوزەك قىلىشقا قەست قىلىدىغانلارغا خۇشامەت قىلماسلىق، دوست تۇتماسلىق، ئۇلارغا يۇلۇنۇپ جان ساقلايمەن دەپ چاكار بولماسلىق، دىنغا قارشى ھەرىكەتكە ھەسسە قوشماسلىققا ۋە قولى بىلەن، ياكى تىلى بىلەن، ياكى دىلى بىلەن قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، لېكىن ئارىپىنى خام ئورۇشقا بۇيرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىدا مۇسۇلمان بولسىمۇ، شەكلى ناماز ئوقۇسىمۇ، دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، دىن دۈشمەنلىرىگە مۇھەببەت باغلىغان، ئاغزىدا دىن تەرەپتە تۇرۇپ، يۈرىكىدە قارشى تەرەپ ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشى مۆئمىن

دېيىلمەيدۇ، مۇناپىق خائىن دېيىلىدۇ.

الله نىڭ دۇشمىنىگە دۇشمەن بول.

الله نىڭ سۆيگىنىگە سۆيگەن بول.

دېگەن سۆز بولسا قۇرئاننىڭ مەزمۇنىدۇر.